# لېنىن

# دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ

مىللەتلەر نەشرىياتى

# پۇتۇن دۇنيا پۇرولېتارلرى، برلشڭلار!

# دولەت ۋە ئىنقىلاپ

(ماركسىزمنىڭ دولەت توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە
پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپتىكى ۋەزىپىسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى نەشرىگە سوز بېشى.......................... 3
ئىككىنچى نەشرىگە سوز بېشى......................... 6
بىرىنچى باپ سىنىپىي جەمىيەت ۋە دولەت.............. 7
1. دولەت سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىزلىگىنىڭ
مەھسۇلى.............................................. 7
2. ئالاھىدە قوراللىق قوشۇن، تۈرمە ۋە باشقىلار ............ 13
3. دولەت ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش قورالى... 18
4. دولەتنىڭ «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىشى» ۋە زورلۇق
كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپ ........................ 24
ئىككىنچى باپ دولەت ۋە ئىنقىلاپ 1848 ـــ 1851 ـ يىللاردىكى
تەجرىبە............................................. 36
1. ئىنقىلاپنىڭ ھارپىسى .................................. 36
2. ئىنقىلاپنىڭ يەكۈنى.................................... 43
3. 1852 ـ يىلى مەسىلىنىڭ ماركس تەرىپىدىن قويۇلۇشى ......... 54
ئۈچىنچى باپ دولەت ۋە ئىنقىلاپ 1871 ـ يىلدىكى
پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىسى
ماركسنىڭ تەھلىلى ........................ 58
1. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سىناقتا كورسەتكەن
قەھرىمانلىغى نەدە؟.................................... 58

2. پاچاقلاپ تاشلانغان دولەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا قانداق نەرسىنى قويۇش كېرەك؟ ........................................ 65
3. يىخۇي تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى .................... 73
4. مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ئۇيۇشتۇرۇش................ 83
5. تەييارتاپنى — دولەتنى يوقىتىش ................. 89
تۆتىنچى باپ داۋامى ئېنگېلسنىڭ قوشۇمچە چۈشەندۈرۈشلىرى ........................ 93
1. «ئۆي - جاي مەسىلىسى»........................... 93
2. ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن بولغان بەس - مۇنازىرە.......... 98
3. بىبېلغا خەت.................................. 105
4. ئېرفۇرت گاڭلىگى لايىھەسىگە پىپەن.................. 110
5. ماركسىنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دېگەن ئەسىرىگە 1891 - يىلى يېزىلغان مۇقەددىمە........................ 123
6. ئېنگېلس دېموكراتىيىنىڭ تۈگىتىلىشى توغرىسىدا ........... 133
بەشىنچى باپ دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى........................................ 137
1. ماركس مەسىلىنى قانداق قويغان....................... 138
2. كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش..................... 142
3. كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى................ 151
4. كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى ................ 158
ئالتىنچى باپ جىخۇيجۇيىچىلارنىڭ ماركسىزىمنى چاكىنىلاشتۇرۇشى.............................................. 171
1. پىلىخانوپىنىڭ ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن قىلغان بەس - مۇنازىرىسى ........................................ 172

2. كائۇتسكىنىڭ جىخۇيجۇيىچىلار بىلەن قىلغان بەس-

مۇنازىرىسى ........................................174

3. كائۇتسكىنىڭ پاننېكوك بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىسى......186

بىرىنچى نەشرىگە ئاخىرقى سۆز..............................203

ئىزاھلار ..............................................204

# دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ

(ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە
پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپتىكى ۋەزىپىسى)[1]

# بىرىنچى نەشرىگە سۆز بېشى

دۆلەت مەسىلىسى، ھازىر نەزىرىيە جەھەتتە ياكى سىياسى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن، ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. جاھانگىرلىك ئۇرۇشى لۇڭدۇەن كاپىتالىزمىنىڭ دۆلەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزمىغا ئايلىنىش جەريانىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى ۋە كەسكىنلەشتۈردى. دۆلەت ناھايىتى زور كۈچكە ئىگە كاپىتالىستلار ئىتتىپاقى بىلەن كۈندىن-كۈنگە زىچ بىرلەشتى، ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئۈستىدىكى دەھشەتلىك زۇلمى بارغانسىرى دەھشەتلىك بولماقتا. ھەرقايسى ئىلغار دۆلەتلەر (بىز بۇ يەردە بۇ دۆلەتلەرنىڭ «ئارقا سېپى»نى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز) ئىشچىلارنى قاماپ ئېغىر ئىشقا سالىدىغان ھەربى تۈرمىگە ئايلاندى.

ئۇزلۇكسىز داۋام قىلىۋاتقان ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان مىسلىسىز پاجىئە ۋە بالايى-ئاپەتلەر ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ غەزىۋىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. خەلقارا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى كۆرۈنەرلىك ھالدا راۋاجلانماقتا، بۇ ئىنقىلاپنىڭ دۆلەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە بولۇپ قالدى.

نەچچە ئون يىللىق بىر قەدەر تېچ راۋاجلىنىش جەريانىدا توپلانغان جىڭخۇيجۇيىلىق تەركىپلەر سوتسىيال شوۋىنىزملىق

ئېقىمنى دۇنيادىكى رەسمى سوتسىيالىستلار پارتىيىلىرىنىڭ ئىچىدە هوكۇمرانلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇ ئېقىم (روسىيىدە پىلىخانوپ، پوترېسوپ، برېشكوۋسكايا، رۇبانوۋىچ ۋە ئانچە ئاشكارىلىنىپ كەتمىگەن سېرېتېلى ئەپەندى، چېرنوپ ئەپەندى قاتارلىقلار؛ گېرمانىيىدە شېيدېمان، لېگىن، داۋىد قاتارلىقلار؛ فرانسىيە ۋە بېلگىيىدە رېنودېل، گېد، ۋاندېرۋېلد؛ ئەنگلىيىدە هايندمان، فابىانچى ئۇنسۇرلار[2] ۋە باشقىلار) ئېغىزدا سوتسىيالىزم دەيدۇ، ئەمىلىيەتتە شوۋىنىزىملىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇ «سوتسىيالىزم رەهبەرلىرى» پەقەت «ئۆز» مىللىتى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ئەمەس، بەلكى دەل «ئۆز» دولەتلىرىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ تىز پۈكۈپ ماسلىشىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. چۈنكى كوپ ساندىكى ئاتالمىش چوڭ دولەتلەر ناهايىتى كوپ ئاجىز، كىچىك مىللەتلەرنى بۇرۇندىنلا ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، جاهانگىرلىك ئۇرۇشىمۇ دەل مۇشۇ ئولجىنى بولۇشۇۋېلىش ۋە يېڭىۋاشتىن بولۇشۇۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش. ئەگەر «دولەت» مەسىلىسىدىكى جىخۇيجۇيىلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا قارشى تۇرۇلمايدىكەن، كۈرەش ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش بولۇپمۇ جاهانگىر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.

هەممىدىن ئاۋال، بىز ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ دولەت توغرىسىدىكى تەلىماتىغا قاراپ چىقىمىز، بۇ تەلىماتنىڭ كىشىلەر ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ياكى جىخۇيجۇيىچىلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان جەهەتلىرى ئۈستىدە ئالاهىدە تەپسىلى توختىلىمىز. ئۇنىڭدىن

كېيىن، بۇ تەلىماتنى بۇرمىلىغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى يەنى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شەرمەندىلەرچە ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغان ئىككىنچى ئىنتېرناتسونال (1889 — 1914 - يىللار) نىڭ ئەڭ ئاتاقلىق رەھبىرى كائۇتسكىنى مەخسۇس تەھلىل قىلىمىز. ئاخىردا، بىز روسىيە 1905 - يىل ئىنقىلاۋىنىڭ بولۇپمۇ 1917 - يىل ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئاساسي يەكۈن چىقىرىمىز. كېيىنكى بۇ ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ھازىر (1917 - يىل 8 - ئاينىڭ بېشى) ئاخىرلىشىۋاتقان بولسا كېرەك، لېكىن بۇ قېتىمقى پۈتكۈل ئىنقىلاپنى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سوتسىيالىستىك پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى دەپ قاراشقىلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ دۆلەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى سىياسى ئەمىلىيەت جەھەتتىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ جىددى ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە، چۈنكى بۇ مەسىلە ئاممىغا ئۆزىنى كاپىتالىنىڭ كىشەنىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە نىمىلەرنى قىلىشى لازىملىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئاپتور**

1917 - يىل 8 - ئاي

# ئىككىنچى نەشرىگە سوز بېشى

بۇ كىتاپنىڭ ئىككىنچى نەشرىدە ئۆزگىرىش يوق دىيەرلىك، پەقەت ئىككىنچى باپقا 3 ـ بولۇم قوشۇلدى.

**ئاپتور**

1918 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، موسكۋا

# بىرىنچى باپ

# سىنىپىي جەمىيەت ۋە دۆلەت

## 1. دۆلەت سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىزلىگىنىڭ مەھسۇلى

ماركس تەلىماتىنىڭ بۇگۈنكى سەرگۈزەشتىلىرى خۇددى تارىختىكى ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىدىكى ئىنقىلاۋىي مۇتەپەككۇرلار ۋە داھىلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئوخشاش بولماقتا. ئۇلۇق ئىنقىلاپچىلار ھايات چاغدا، ئەزگۈچى سىنىپلار ئۇلارغا ھامان ئۈزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەڭ ئەشەددى دۈشمەنلىك، ئەڭ غالجىرانە ئوچمەنلىك، ئەڭ ئۆچىغا چىققان توھمەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى. ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسا، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى «بەزلەش» ۋە ئاخماق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى زىيانسىز بۇتقا ئايلاندۇرۇشقا يەنى ئۇلارنى قانداقتۇ ئىلاھىيلاشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ **ناملىرىغا** مەلۇم شوھرەت بېرىشكە ئۇرۇندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنقىلاۋىي تەلىماتنىڭ **مەزمۇنىنى** پۇچەكلەشتۇردى، ئىنقىلاۋىي ئۆتكۈرلۈگىنى گاللاشتۇردى، ئۇنى چاكىنىلاشتۇردى.

هازىر بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار ھەركىتىدىكى جىخۇي-جۇيىچىلار ماركسىزىمنى مۇشۇنداق «سىلىقلاش» جەھەتتە بىرلىككە كېلىشمەكتە. ئۇلار بۇ تەلىماتنىڭ ئىنقىلاۋىي تەرىپىنى، ئىنقىلاۋىي روھىنى ئۇنتۇپ، يوققا چىقىرىپ ۋە بۇرمىلاپ، بۇرژۇ-ئازىيە قوبۇل قىلالايدىغان ياكى قوبۇل قىلالىغۇدەك نەرسىلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ماختىشىدۇ. ھازىر، سوتسىيال شوۋىنىزىمە-چىلارنىڭ ھەممىسى «ماركسىزىمچى» بولۇۋالدى (ئۇلارنى سەل چاغلىماڭلار!). گېرمانىيىدىكى ئەشۇ بۇرژۇئا ئالىملىرى تېخى تۇنۇگۇنلا ماركسىزىمنى دەپسەندە قىلغان مۇتەخەسسىسلەر ئىدى، ئەمدىلىكتە «نېمىس مىللىتىنىڭ» ماركسى ھەققىدە بارغانسىرى ھە دەپ گەپ ساتىدىغان بولۇپ قالدى، گويا بۇلاڭ-تالاڭچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ماركس ئىنتايىن تەشكىللىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەندەك!

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ماركسىزىمنى بۇرمىلاش كەيپىياتى مىسلىسىز ئەۋج ئالغان بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەممىدىن ئاۋال ماركسنىڭ دولەت توغرىسىدىكى ھەققى تەلىماتىنى **ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن** ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن ئۇزۇن-ئۇزۇن نەقىللەرنى كەلتۈرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۇزۇن نەقىللەرنى كەلتۈرگەندە، ماقالا ئېغىرلىشىدۇ، ئاممىباپ بولمايدۇ، لېكىن بۇنداق نەقىللەر بولمىسا زادى بولمايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىكى دولەت مەسىلىسىدە توختالغان ھەممە جايلارنى، ھېچ بولمىغاندا، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھەممە جايلارنى جەزمەن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق نەقىل كەلتۈرۈش لازىم، بۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن،

كىتاپخانىلارنى ئىلمىي سوتسىيالىزىم ئاساسچىلىرىنىڭ بارلىق ئۇقتىسنەزەرلىرى ۋە بۇ ئۇقتىسنەزەرلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ھەققىدە مۇستەقىل ئۇقۇمىغا ئىگە قىلىشقا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىر ھوكۇمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىۋالغان «كائۇتسكىزىم»نىڭ بۇ ئۇقتىسنەزەرلەرنى بۇرمىلاشلىرىنى تولۇق دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاشقا ھەمدە ئېنىق قىلىپ كورسىتىپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

بىز ئەمدى سوزنى ئالدى بىلەن ف. ئېنگېلسىنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان ئەسىرى «ئائىلە، خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»دىن باشلايلى، بۇ كىتاپنىڭ 6-نەشرى 1894-يىلى شتۇتگارتتا بېسىلغان. بىز نەقىلنى نېمىسچە ئەسلى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك، چۇنكى رۇسچە تەرجىمىلىرى گەرچە ناھايىتى كوپ بولسىمۇ، لېكىن كوپىنچىسىنىڭ تەرجىمىسى تولۇق ئەمەس، ياكى ناھايىتى ناچار.

ئېنگېلس ئوزىنىڭ تارىخىي تەھلىلىنى يەكۇنلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دولەت ھەرگىز جەمىيەتكە تاشقىرىدىن زورلاپ تېڭىلغان بىر خىل كۇچ ئەمەس. دولەت، گېگېل ھوكۇم قىلغاندەك، "ئەخلاقىي ئىدىيىنىڭ رىياللىغى"، "ئەقىلنىڭ ئوبرازى ۋە رىياللىغى"مۇ ئەمەس. دولەت جەمىيەتنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى؛ دولەت بۇ جەمىيەتنىڭ ھەل قىلىپ بولمايدىغان ئوزىدىكى زىددىيەتلەرگە پېتىپ قالغانلىقىنى، مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرگە بولۇنگەنلىكىنى ۋە بۇ قارىمۇ-قارشى تەرەپلەردىن قۇتۇلۇشقا قادىر ئەمەسلىكىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ، ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىر بىرىگە زىت بولغان بۇ سىنىپلارنىڭ

ئورۇنسىز كۆرەشلەردە ئوزلىرىنى ۋە جەمىيەتنى يوقىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، كورۇنۇشتە جەمىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان بىر خىل كۈچ زورۇر بولۇپ قالدى، بۇ كۈچ توقۇنۇشلارنى پەسەيتىشى، ئۇنى "تەرتىپ" دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرۇشى لازىم. جەمىيەتتىن كېلىپ چىققان لېكىن يەنە ئوزىنى جەمىيەتتىن يۇقۇرى قويىدىغان ھەمدە ئوزىنى كۈندىن-كۈنگە جەمىيەتتىن چەتلەشتۇرىدىغان بۇنداق كۈچ — دولەت.» (نېمىسچە 6-نەشرى، 177 — 178- بەتلەر)[3]

بۇ بىر ئابزاس سوز ماركسىزىمنىڭ دولەتنىڭ تارىخىي رولى ۋە ئەھمىيتى توغرىسىدىكى تۇپ ئىدىيسىنى ناھايىتى ئېنىق كورسىتىپ بەردى. دولەت سىنىپي زىددىيەتلەرنىڭ **مۇرەسسەسىزلىكىنىڭ** مەھسۇلى ۋە ئىپادىسى. سىنىپي زىددىيەتلەر كېگۆەن جەھەتتە مۇرەسسە قىلىپ **بولمايدىغان** يەرگە، ۋاقىتقا ۋە دەرىجىگە يەتكەندە، دولەت پەيدا بولىدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا، دولەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سىنىپي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىز-لىگىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

دەل مۇشۇ ئەڭ موھىم ۋە تۇپ مەسىلىدە، ماركسىزىم ئىككى ئاساسىي تەرەپنىڭ بۇرمىلىشىغا ئۇچراشقا باشلىدى.

بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى بولۇپمۇ ئۇششاق بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى سىنىپي زىددىيەت ۋە سىنىپي كۆرەش بارلىقى جايىدا دولەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى رەت قىلىپ بولمايدىغان تارىخىي پاكىتلار ئالدىدا نائىلاج ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە ماركسقا «تۇزىتىش» بېرىپ، دولەت سىنىپي **مۇرەسسەچىلىك** ئورگىنى، دېيىشىدۇ. ماركسنىڭ

قارىشىچە، ئەگەر سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك مۇمكىن بولسا ئىدى، دولەت پەيدا بولمىغان، ساقلىنىپمۇ تۇرالمىغان بولاتتى. مىشچان، چاكىنا جياۋشۇلار ۋە جېڭلۇنجيالارنىڭ نەزىرىدە (بەلكى كوپ ھاللاردا ياخشى نىيەت بىلەن ماركسنىڭ سوزلىرىنى نەقىل كەلتۇرۇپ ئاساس قىلىشىدۇ!)، دولەت دەل سىنىپلارنى مۇرەسسە قىلغۇدەكمىش. ماركسنىڭ قارىشىچە، دولەت سىنىپىي **ھوكۇمرانلىق** ئورگىنى، بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى **ئېزىش** ئورگىنى، ئۇ بىر خىل «تەرتىپ» ئورنىتىش يولى بىلەن بۇنداق ئېزىشنى قانۇنىيلاشتۇرىدۇ، مۇقىملاشتۇرىدۇ، سىنىپىي توقۇنۇشلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇششاق بۇرژۇئا سىياسىچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، تەرتىپ بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىشى ئەمەس، بەلكى دەل سىنىپىي مۇرەسسەچىلىكمىش؛ توقۇنۇشلارنى پەسەيتىش ئېزىلگۇچى سىنىپلارنى ئەزگۇچىلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا قوللىنىدىغان مۇئەييەن كۇرەش ۋاستىسى ۋە كۇرەش ئۇسۇلىدىن مەھرۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى دەل مۇرەسسەچىلىكمىش.

مەسىلەن، 1917 ـ يىل ئىنقىلاۋىدا، دولەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى مەسىلىسى دەل ئىنتايىن موھىم مەسىلە، ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە يەنى دەرھال ھەركەت قىلىشقا بەلكى كەڭ كولەمدە ھەركەت قىلىشقا توغرا كەلگەن مەسىلە بولۇپ قالغان چاغدا، بارلىق سوتسيال ئىنقىلاپچىلار ۋە مىنشېۋىكلار بىردىنلا «دولەت» سىنىپلارنى «مۇرەسسەلەشتۇرىدۇ» دەيدىغان ئۇششاق بۇرژۇئا نەزىرىيىسى تەرەپكە دوملاپ كەتتى. بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ سانسىز قارارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بۇنداق مىشچان، چاكىنا «مۇرەسسەچىلىك» سەپسەتىسى

سىڭىپ كەتكەن. دۆلەت مەلۇم سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ئىكەنلىكى، بۇ سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپى (ئۇنىڭ بىلەن دۈيكاڭ بولۇپ تۇرغان سىنىپ) بىلەن مۇرەسسەلەشىشى **ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس** ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇنى ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى زادىلا چۈشىنەلمەيدۇ. دۆلەتكە مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسى جەھەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار ۋە مېنشېۋىكلارنىڭ ھەرگىز سوتسىيالىزىمچىلار ئەمەسلىكى (بىز بولشېۋىكلار ئەزەلدىن مۇشۇنداق دەپ كەلدۇق)، بەلكى كورۇنۇشتە سوتسىيالىزىم مۇقامىنى تۇۋلايدىغان ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى ئىكەنلىكى ئەڭ روشەن ئىپادىلەندى.

يەنە بىر تەرەپتىن، «كائۇتسكىزىم»نىڭ ماركسىزىمنى بۇرمىلاش ئۇسۇلى تولىمۇ ئەپچىل بولدى. ئۇ «نەزىرىيە جەھەتتە» دۆلەتنىڭ سىنىپي ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ، سىنىپي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىزلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇ تۆۋەندىكى بىر نۇقتىنى سەل قارىغان ياكى ئۇنى يوققا چىقارغان: دۆلەت سىنىپي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىزلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ **ئۈستىدە** تۇرىدىغان ھەمدە «ئۆزىنى **كۈندىن-كۈنگە** جەمئىيەتتىن **چەتلەشتۈرىدىغان**» كۈچ ئىكەن، ئۇ ھالدا، ناھايىتى روشەنكى، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپ ئېلىپ بارماي بولمايدۇ، **ئۇنىڭ ئۈستىگە** ھۆكۈمران سىنىپلار ئورناتقان، بۇنداق «چەتلەشتۈرۈش»نى گەۋدىلەندۈرىدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنىنىمۇ **يوقاتماي** بولمايدۇ. بۇ يەكۈن نەزىرىيە جەھەتتە ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك، بىز تۆۋەندە بۇنىڭ ماركس ئىنقىلابىنىڭ

ۋەزىيىتى ئۈستىدە كونكرېت، تارىخىي تەھلىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن چىقارغان مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرگەن يەكۈن ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. دەل بۇ يەكۈننى كائۇتسكى...... «ئۇنتۇدى» ۋە بۇرمىلىدى (بىز تۆۋەندە بۇنى يەنە تەپسىلى ئىسپاتلاپ ئۆتىمىز).

## 2. ئالاھىدە قوراللىق قوشۇن، تۈرمە ۋە باشقىلار

ئېنگېلس داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ...... «دۆلەتنىڭ كونا ئۇرۇقداشلىق» (ياكى كلان) «تەشكىلاتىدىن پەرقى شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئۆز پۇخرالىرىنى رايونلار بويىچە ئايرىيدۇ»......

ھازىر بۇنداق ئايرىش بىزگە «ناھايىتى تەبىي» بولۇپ كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ كلاننىڭ ياكى ئۇرۇقداشلىقنىڭ كونا تەشكىلاتىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئارقىسىدىلا قولغا كەلگەن.

......«ئىككىنچى پەرقى ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى بولۇپ، بۇنداق ھاكىمىيەت ئۆزلىرى قوراللىق كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقان ئاھالە بىلەن بىۋاستە ئۇيغۇنلىشالماي قالىدۇ. بۇ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھاكىمىيەت شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، جەمئىيەت سىنىپلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئاھالىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان قوراللىق تەشكىلاتى مۇمكىن بولالماي قالىدۇ...... بۇنداق ئىجتىمائىي ھاكىمىيەت ھەممە مەملىكەتتە بار. بۇنداق ھاكىمىيەت قوراللىق كىشىلەردىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ماددىي قوشۇمچىلار، مەسىلەن، تۈرمە ۋە ھەر خىل مەجبۇرلاش ئورگان-

لىرىدىنمۇ تەشكىل تاپىدۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى ئۇرۇقداشلىق جەمىيەت تۈزۈمىدە بولۇپ باقمىغان»......

ئېنگېلس بۇ يەردە دولەت دەپ ئاتالغان «كۈچ» چۈشەنچىسىنى يەنى جەمىيەتتىن كېلىپ چىققان لېكىن يەنە ئۆزىنى جەمىيەتتىن يۇقۇرى قويىدىغان ھەمدە ئۆزىنى كۈندىن ـ كۈنگە جەمىيەتتىن چەتلەشتۈرىدىغان كۈچ چۈشەنچىسىنى ئېنىق شەرھلەيدۇ. بۇ كۈچ ئاساسەن نىمىنى كورسىتىدۇ؟ ئاساسەن تۈرمە ۋە باشقىلارغا ئىگە ئالاھىدە قورالىلىق قوشۇننى كورسىتىدۇ.

بۇنى ئالاھىدە قورالىلىق قوشۇن دىيىش كېرەك، چۈنكى ھەرقانداق دولەتتىكى ئىجتىمائى ھاكىمىيەت قوراللانغان ئاھالە بىلەن يەنى ئاھالىنىڭ «ئۆزلۈگىدىن ئۇيۇشقان قوراللىق تەشكىلاتى» بىلەن «بىۋاستە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ»غان بولۇپ قالدى.

بارلىق ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا، ئېنگېلس ئويغانغان ئىشچىلارنىڭ دىققىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن جەلىپ قىلغان نەرسە ـــ دەل ئەۋج ئالغان چاكىنا چۈشەنچىلەر تەرىپىدىن زادى دىق-قەت قىلىنىشقا ئەرزىمەيدۇ، تولىمۇ ئادەت بولۇپ قالدى، دەپ تونۇلغان يەنە كېلىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئېيتايلۇق، قېتىپ قالغان بىر تەرەپلىمە قاراشلار تەرىپىدىن مۇقەددەس دەپ كوككە كوتىرىلگەن نەرسە. دائىمى ئارمىيە ۋە ساقچى دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسي زورلۇق قورالى، لېكىن ـــ بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇتلەق كوپچىلىك ياۋروپالىقلار ئۇنى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ تونۇغان. ئېنگېلسنىڭ سوزى دەل مۇشۇ كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان ئىدى. ئۇلار بىرەر ئۇلۇق ئىنقىلاپنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، ئوز

كوزى بىلەنمۇ كورمىگەن. ئۇلار «ئاھالىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۇيۇشقان قوراللىق تەشكىلاتى»نىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدۇ. ئۇزىنى جەمىيەتتىن يۇقۇرى قويىدىغان ھەمدە ئۇزىنى جەمىيەتتىن چەتلەشتۇرىدىغان ئالاھىدە قوراللىق قوشۇن (ساقچى، دائىمى ئارمىيە) نىمە ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالدى، دىگەن بۇ مەسىلىگە غەربىي ياۋروپا ۋە روسىيىدىكى چاكىنىلار ھامان سىپىنسىر ياكى مىخايلوۋسكىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سوزى بىلەن، بۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىشىشى، جژنىڭنىڭ بولۇنۇشىدىن بولغان ۋە باشقىلار، دەپ جاۋاپ بىرىشكە خۇشتار.

بۇ سوزلەر «ئىلمىي»دەك تۇيۇلىدۇ، بەلكى چاكىنىلارنى تازا قايمۇقتۇرالايدۇ، جەمىيەتنىڭ مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دۇشمەن سىنىپلارغا بولۇنگەنلىگىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي، تۇپ پاكىتنى ياپالايدۇ.

ئەگەر بۇنداق بولۇنۇش بولمىغان بولسا ئىدى، «ئاھالىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۇيۇشقان قوراللىق تەشكىلاتى» كالتەك ئىشلەتكەن ئادەمسىمان مايمۇنلار توپى ياكى ئىپتىدائى ئادەم ۋە ياكى كلان جەمىيىتى بولۇپ ئۇيۇشقان ئادەملەرنىڭ ئىپتىدائى تەشكىلاتلىرىدىن پەقەت مۇرەككەپلىگى جەھەتتە، تېخنىكىسىنىڭ ئۇستۇنلۇگى جەھەتتە پەرق قىلغان بولاتتى، لېكىن بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن.

بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مەدەنى جەمىيەت دۇشمەن سىنىپلارغا بەلكى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دۇشمەن سىنىپلارغا بولۇنگەن، ئەگەر بۇ سىنىپلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۇزلۇكسىز ئۇيۇشقان» قوراللىق كۇچلەر بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم قوراللىق كۇرەش قانات يېيىپ

كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت شەكىللىنىدۇ، ئالاھىدە كۈچ، ئالاھىدە قوراللىق قوشۇن قۇرۇلىدۇ. ئىنقىلاپ دۆلەت ئورگىنىنى بۇزۇپ تاشلىغان ۋاقىتلاردا، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قانداق قىلىپ **ئۆزگە** خىزمەت قىلىدىغان ئالاھىدە قوراللىق قوشۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ بولسا قانداق قىلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماي، بەلكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئەنە شۇنداق تەشكىلاتنى قۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز.

ئېنگېلس يۇقۇرىدا نەزەرىيە جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە — دەل ھەر قېتىملىق زور ئىنقىلاپ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېنىق بەلكى كەڭ دائىرىلىك ھەرىكەت ئارقىلىق ئالدىمىزغا قويغان مەسىلە، يەنى «ئالاھىدە» قوراللىق قوشۇن بىلەن «ئاھالىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان قوراللىق تەشكىلاتى» ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت مەسىلىسى. بىز تۆۋەندە ياۋروپا ۋە روسىيىدىكى بىرقانچە قېتىملىق ئىنقىلاپ تەجرىبىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى قانداق كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

بىز ئەمدى يەنە ئېنگېلسنىڭ بايانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۇ بەزى ۋاقىتلاردا، مەسىلەن، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ بەزىبىر جايلىرىدا، بۇنداق ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى (بۇ يەردە پەقەت كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە كەم ئۇچرايدىغان مۇستەسنالىق ۋە جاھانگىرلىكتىن ئىلگىرىكى دەۋردە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەركىن كۆچمەنلەر كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن جايلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۈچىيىپ

بارىدىغانلىغىنى كورسىتىدۇ:

......«دولەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى ئارقىسىدا، بىر بىرىگە خوشنا مەملىكەتلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئاھالىسىنىڭ كوپىيىشى ئارقىسىدا ئىجتىمائى ھاكىمىيەت كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بارىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى ياۋروپانى ئالساق، بۇ يەردە سىنىپىي كۈرەش ۋە تاجاۋۇزچىلىق رىقابىتى ئىجتىمائى ھاكىمىيەتنى شىددەتلىك ھالدا پۈتۈن جەمىيەتنى يۇتۇۋېتىش ھەتتا دولەتنى يۇتۇۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈۋەتتى»......

بۇ سوزلەر، كېچىكتى دىگەندە، 19ـئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يېزىلغان. ئېنگېلس ئەڭ ئاخىرقى سوز بېشىنى 1891ـيىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يازغان. ئۇ چاغدا، تىرىستلارنىڭ تولۇق ھوكۈمرانلىغى ياكى چوڭ بانكىلارنىڭ چەكسىز ھوقۇقى ياكى كەڭ كولەمدىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ۋاھاكازالارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، جاھانگىرلىككە قاراپ بۇرۇلۇش فىرانسىيىدە تېخى ئەمدىلا باشلانغان ئىدى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىدە بولسا تېخىمۇ ئارقىدىراق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «تاجاۋۇزچىلىق رىقابىتى» ئالغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلىدى، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى 10 يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، دۇنيانى بۇ «ئۆزئارا رىقابەتلىشىۋاتقان تاجاۋۇزچىلار» يەنى غايەت زور قاراقچى دولەتلەر بولۇشۇپ بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن دېڭىز، قۇرۇقلۇق ھەربى تەييارلىقلىرى چەكسىز كۈچەيدى، ئەنگلىيە بىلەن گېرماندىيىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىش ۋە ئولجا بولۇشۇۋېلىش ئۈچۈن 1914 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلغىچە ئېلىپ بارغان

قاراقچىلىق ئۇرۇشى قاراقچى دۆلەتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى «يۇتۇۋېتىشى»نى ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلىش دەرىجىسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدى.

ئېنگېلس 1891 - يىلىدىلا «تاجاۋۇزچىلىق رىقابىتى»نىڭ ھەرقايسى چوڭ، كۈچلۈك دۆلەتلەر تاشقى سىياسىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى، لېكىن سوتسىيال - شوۋىنىزمچى ئەبلەخلەر 1914 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە يەنى دەل بۇ رىقابەت ھەسسىلەپ كەسكىنلىشىپ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنى قوزغىغان بىر ۋاقىتتا، «ۋەتەننى قوغداش»، «جۇمھۇرىيەت ۋە ئىنقىلاپنى قوغداش» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن «ئۆز» بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قاراقچىلىق مەنپەئەتىنى قوغداش ھەركىتىنى ياپتى!

## 3. دۆلەت ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش قورالى

جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باج - سېلىق ۋە دۆلەت قەرزى زۆرۈر.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلدارلار ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتنى ۋە باج ئېلىش ھوقۇقىنى ئىگەللەپ تۇرغان ئىكەن، ئۇلار جەمئىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئۇلار بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق» (كلان) «جەمئىيىتى ئورگىنىغا بولغان ئەنە شۇنداق ئەركىن، ئىختىيارىي ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالىسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن قانا-

ئەتلەنمەيدۇ.»...... شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ مۇقەد-
دەسلىكى، دەخلىسىزلىكى ھەققىدە ئالاھىدە قانۇنلار چىقىرىلىدۇ.
«ئەڭ ئەرزىمەس بىر ساقچى» كىلان ۋەكىللىرىدىنمۇ چوڭ
«نوپۇز»غا ئىگە بولىدۇ، لېكىن، مەدىنى دولەتنىڭ ھەربى
ھوقۇقنى ئىگەللەپ تۇرغان باشلىقىمۇ جەمىيەتنىڭ «ھورمىتى»نى
«زورلاش ۋاستىسىنى ئىشلەتمەي قولغا كەلتۈرگەن» كلان
ئاقساقاللىرىغا قىزىقىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە دولەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئەمەلدارلارنىڭ
ئىمتىيازلىق ئورنى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇنداق بىر تۈپ
مەسىلە: ئۇلارنى زادى قانداق نەرسە جەمىيەتتىن **يۇقۇرى**
تۇرىدىغان قىلىپ قويىدى؟ دىگەن مەسىلە كورستىلگەن. بىز توۋەن-
دە بۇ نەزەرىيىۋى مەسىلىنى 1871 ـ يىلى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ
قانداق ئەمىلىي ھەل قىلغانلىقىنى ۋە 1912 ـ يىلى كائۇتىسكىنىڭ
ئەكسىيەتچىلىك بىلەن ئۇنى يەنە قانداق يوققا چىقارغانلىقىنى
كورىمىز.

......«دولەت سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنى تىزگىنلەپ
تۇرۇش زورۇرىيىتى ئارقىسىدا پەيدا بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ سىنىپلارنىڭ توقۇنۇشلىرى داۋامىدا پەيدا
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەت بويىچە ئۇ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئىقتى-
سادىي جەھەتتە ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن سىنىپنىڭ
دولىتى بولىدۇ، بۇ سىنىپ دولەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ
سىياسى جەھەتتىمۇ ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن سىنىپ
بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئېزىلگۈچى سىنىپنى باستۇرۇ-
دىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان يېڭى ۋاستىلەرگە ئىگە

بولىدۇ»...... قەدىمقى زامان دولەتلىرى بىلەن فېودال دولەت-لەرلا قۇللار ۋە نۇكەرلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ئورگان بولۇپ قالماستىن، «هازىرقى زامان ۋاكالەت تۈزۈمىدىكى دولەت»لەرمۇ «كاپىتالنىڭ ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش قورالى. لېكىن بۇنىڭدىن خالى شۇنداق دەۋرمۇ بولىدۇ، بۇ دەۋردە ئۆزئارا كۆرەشكۈچى سىنىپلارنىڭ كۈچى شۇ دەرىجىدە تەڭپۇڭلىشىدۇكى، دولەت هاكىمىيىتى كورۇنۇشتە كېلىشتۈرگۈچى سۈپىتى بىلەن ۋاقتىنچە هەر ئىككى سىنىپقا نىسبەتەن مەلۇم مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ»......
17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەردىكى مۇستەبىت پادىشالىق تۈزۈم، فرانسىيىدىكى بىرىنچى دىگو ۋە ئىككىنچى دىگو بوناپارتىزىمى، گېرمانىيىدىكى بىسمارك دەۋرى ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى.
بىز يەنە شۇنى تولۇقلاپ ئېيتىمىزكى، جۇمهۇرىيەت تۈزۈمىدىكى روسىيە كېرېنسكى هوكۇمىتى ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنى ئېزىشكە باشلىغاندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى رەهبەرلىك قىلىغانلىغى ئۈچۈن زەئىپلىشىپ **كەتكەن**، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۇنى توغرىدىن ـ توغرا تارقىتىۋېتىشكە **تېخى** يېتەرلىك كۈچى بولمىغان بىر ۋاقىتتا كېرېنسكى هوكۇمىتىمۇ ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى.
ئېنگېلس داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: دېموكراتىك جۇمهۇرىيەتتە «بايلىق ۋاستىلىك هالدا لېكىن شۇنداقلا تېخىمۇ ئىشەنچلىك هالدا ئۆزىنىڭ هوقۇقىدىن پايدىلىنىدۇ»، ئۇنىڭ قوللانغان بىرىنچى ئۇسۇلى «ئەمەلدارلارنى توغرىدىن-توغرا سېتىۋېلىش» (ئامېرىكىدا)، ئىككىنچى ئۇسۇلى «هوكۇمەت

جياۋيىسو بىلەن ئىنتىپاق تۈزۈش» (مىقنىڭ چەكسىز ھوقۇقنى ھازىر، ھەرقانداق ئەڭ دېموكراتىك جۇمھورىيەسىكى جاھانگىرلىك ۋە بانكا ھوكۇمرانلىقى بايلىقنىڭ چەكسىز ھوقۇقنى قوغدايدىغان ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بۇ ئىككى ئۇسۇلنى «راۋاج-لاندۇرۇپ» ئىنتايىن ئۇستىلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. مەسىلەن، روسىيىدە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە يەنى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بىلەن مىنشېۋىكلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل «سوتسىيالىزىمچى» بۇرژۇئازىيە بىلەن نېكالاشقان شېرىن ئاي ئىچىدە، پالچىنسكى ئەپەندى بىرلەشمە ھوكۇمەتتە ئىشنى ئاقسىتىپ، كاپىتالىستلارنى چەكلەيدىغان، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى ۋە قورال-ياراق بۇيرۇتمى-سىنى بانا قىلىپ دولەت غەزىنىسىنى ئوغرىلىشىنى توسىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشقا ئۇنىمىدى، پالچىنسكى ئەپەندى نېيگىپدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن (ئۇنىڭ ئورنىغا چىققۇچى، تەبىئىكى، ئۇنىڭ بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش ئادەم) بولسا، كاپىتالىستلار ئۇنى يىلىغا 120 مىڭ رۇبلى مۇئاش ئالىدىغان كاتتا ئورۇن بىلەن «مۇكاپات»لىدى، خوش، بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇ بىۋاستە سېتىۋېلىشمۇ، ياكى ۋاستىلىك سېتىۋېلىشمۇ؟ ھوكۇمەتنىڭ سىندى-كاتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشمۇ، ياكى «پەقەت» بىر خىل دوستلۇق مۇناسىۋىتىمۇ؟ چېرنوپ، سېرېتېلى، ئاپكسېنتېپ، سكوبېلېپ ئېقىمىدىكىلەر زادى قانداق رول ئوينىشىۋاتىدۇ؟ ئۇلار دولەت غەزىنىسىنى ئوغرىلىغۇچى مىليونىرلارنىڭ «بىۋاستە» ئىتتىپاقچىلى-رىمۇ، ياكى پەقەت ۋاستىلىك ئىتتىپاقچىلىرىمۇ؟

«بايلىق»نىڭ چەكسىز ھوقۇقى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت

تۈزۈمدە شۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ **ئىشەنچلىككى،** ئۇ كاپىتالىزىمنىڭ ناچار سىياسى نىقاۋىغا بېقىنمايدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى كاپىتالىزىم پايدىلىنالايدىغان ئەڭ ياخشى سىياسى نىقاپ، شۇنىڭ ئۇچۇن كاپىتال بۇ ئەڭ ياخشى نىقاپنى ئىگەللەش بىلەنلا (پالچىنسكى، چېرنوپ، سېرىتېلى ئېقىمدىكىلەر ئارقىلىق)، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ناھايىتى مۇستەھكەم، ناھايىتى ئىشەنچلىك ئورنىتىپ ئالالايدۇكى، بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە خادىملار، ئورگانلار، پارتىيىلەرنىڭ **ھەرقانچە** ئالمىشىشى بۇ ھوقۇقنى تەۋرىتەلمەيدۇ.

شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، ئېنگېلس ئىنتايىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھالدا، ئومۇمى سايلام تۈزۈمى بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىغىنىڭ قورالى، دەپ ھېساپلىغان. روشەنكى، ئۇ گېرمانىيە سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبىلىرىنى ھېساپقا ئېلىپ، ئومۇمى سايلام تۈزۈمى

«ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يېتىلگەنلىگىنى ئولچەيدىغان ئولچەم. ھازىرقى دولەتلەردە، ئومۇمى سايلام تۈزۈمى تېخىمۇ كوپ نەرسىلەرنى بېرەلمەيدۇ، بەلكى مەڭگۇ بەرمەيدۇ» دەيدۇ.

ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى، مەسلەن، مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بىلەن مىنشېۋىكلار ۋە ئۇلارنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشى بولغان غەربىي ياۋروپادىكى بارلىق سوتسىيال شوۋىنىزىمچىلار بىلەن جىنخۇيىجۇيىچىلار دەل ئومۇمى سايلام تۈزۈمىدىن «تېخىمۇ كوپ نەرسىلەر»گە ئىگە بولۇشقا ئىنتىزار بولۇشماقتا. ئۇلار گويا ئومۇمى سايلام تۈزۈمى «**ھازىرقى** دولەتلەردە» زور كوپچىلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ھەقىقى گەۋدىلەندۇرۇپ

بىرەلەيدىغان ھەمدە بۇنداق ئىرادىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتـ
لىك قىلالايدىغاندەك، بۇنداق بىمەنە خىيالغا ئۇزلىرى ئىشىنىدۇ،
بەلكى خەلقنىمۇ ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە بۇنداق بىمەنە خىيالنىلا كورستىپ ئوتىمىز،
ئېنگېلسنىڭ بۇ ناھايىتى ئېنىق، كونكرېت چۈشەندۈرۈشىنىڭ
«رەسمى» (يەنى جىخۇيجۇيىلىق) سوتسىيالستىك پارتىيىلەرنىڭ
تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرىدا دائىم بۇرمىلىنىۋاتقانلىقىنىلا كورستىپ
ئوتىمىز. بۇ يەردە ئېنگېلس تۇكۇرۇپ تاشلىغان بۇنداق خىيالنىڭ
پۈتۈنلەي ساختىلىقىغا كەلسەك، تۇۋەندە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ
«**ھازىرقى**» دولەتلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۇستىدە توختالغاندا،
يەنە تەپسىلى شەرھلەپ ئوتىمىز.

ئېنگېلس ئوزىنىڭ شۇ ئەڭ ئاممىباپ ئەسىرىدە ئوزىنىڭ
قاراشلىرىنى تۇۋەندىكىچە يەكۈنلەيدۇ:

«شۇڭا، دولەت بۇرۇندىنلا بولغان ئەمەس. دولەت زورۇر
بولمىغان بەلكى دولەت ۋە دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ قانداق نەرسە
ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدىغان جەمىيەتمۇ بولغان. ئىقتىسات
راۋاجلىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يېتىشى بىلەن جەمىيەت مۇقەررەر
ھالدا سىنىپلارغا بولۇنگەن چاغدا، دولەت مۇشۇنداق بولۇنۇش
سەۋەبىدىن زورۇر بولۇپ قالدى. بىز ھازىر تېز قەدەملەر بىلەن
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شۇنداق راۋاجلىنىش باسقۇچىغا كېتىۋاتىـ
مىزكى، بۇ باسقۇچتا بۇ سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى
يەنە زورۇر بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
بىۋاستە توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سىنىپلار بۇرۇن مۇقەررەر
پەيدا بولغاندەك، ئۇلار مۇقەررەر يوقىلىدۇ. سىنىپلارنىڭ

يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، دولەتمۇ مۇقەررەر يوقىلىدۇ. ئىشلەپچە-
قارغۇچىلارنىڭ ئەركىن، باراۋەر بىرلەشمىسىنى ئاساس قىلىدىغان،
ئىشلەپچىقىرىشنى يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئۇيۇشتۇرىدىغان جەمىيەت
پۈتۈن دولەت ماشىنىسىنى ئۇزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا ئاپىرىپ
قويىدۇ، يەنى يىپ ئىگىرىش چاقى ۋە تۇچ پالتا بىلەن بىر
قاتاردا ئاسارە-ئەتىقىلەر چېنلىيېگۇەنىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.»
بۇ بىر ئابزاس نەقىل هازىرقى زامان سوتسىيال-دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ تەشۋىق-تەرغىب مەتبۇئاتلىرىدا ناهايىتى ئاز
ئۇچرايدۇ، ئۇلار نەقىل كەلتۇرگەن تەقدىردىمۇ كوپىنچە بۇتقا
چوقۇنۇش ئۇچۇن يەنى ئېنگېلسقا رەسمى ئېهتىرام بىلدۇرىدىغان-
لىقىنى كورستىش ئۇچۇنلا نەقىل كەلتۇرۇشىدۇ، ئالدى بىلەن
ئىنقىلاپنى قانچىلىك كەڭ هەم چوڭقۇر ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن
«پۈتۈن دولەت ماشىنىسىنى ئاسارە-ئەتىقىلەر چېنلىيېگۇەنىگە ئاپىرىپ
قويغىلى» بولىدىغانلىقىنى قىلچە ئويلاپ كورمەيدۇ. هەتتا ئۇلار،
كوپىنچە، ئېنگېلس ئېيتقان دولەت ماشىنىسىنىڭ زادى نىمە
ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

## 4. دولەتنىڭ «ئوز ئوزىدىن هالاك بولۇپ بېرىشى» ۋە زورلۇق كۇچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپ

ئېنگېلسنىڭ دولەت «ئوز ئوزىدىن هالاك بولۇپ بارىدۇ» دىگەن
سوزى ئىنتايىن مەشهۇر بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى دائىم نەقىل
كەلتۇرىدۇ، ئۇ هازىر ماركسىزىمنى جىنخۇيجۇيىغا ئوزگەرتىش جەهەتتە
تارقىلىپ يۇرگەن نەيرەڭنىڭ ماهىيىتىنى ناهايىتى ئوچۇق كورستىپ

بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. ھازىر مۇشۇ سوز ئېلىنغان جايدىكى ئەنە شۇ پۈتۈن بىر ئابزاس بايانىنى كەلتۈرىمىز:

«پرولېتارىيات دولەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالىدۇ ھەمدە ھەممىدىن ئاۋال ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى دولەت مۈلكىگە ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى پرولېتارىيات سۈپىتىدە يوقىتىدۇ، ھەممە سىنىپىي پەرقلەرنى ۋە سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقلارنى يوقىتىدۇ، دولەتنىمۇ دولەت سۈپىتىدە يوقىتىدۇ. ھازىرغىچە سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقلار ئىچىدە ھەركەت قىلىۋاتقان جەمئىيەتكە دولەت زورۇر، يەنى ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ساقلاپ قالىدىغان بولۇپمۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بەلگىلىگەن ئېزىش شارائىتىدا (قۇللۇق تۈزۈم، ئوكىنولۇق تۈزۈم، ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى) تىزگىنلەپ تۇرىدىغان تەشكىلى زورۇر. دولەت پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ رەسمى ۋەكىلى، جەمئىيەتنىڭ شەكىللىك ئۇيۇشۇشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، لېكىن، دولەتنى مۇنداق دىگەنلىك پەقەت ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل جەمئىيەتكە تەنھا ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان شۇ سىنىپنىڭ دولىتى: قەدىمقى زاماندا قۇل ئىگىلىگەن گۇگىنلار دولىتى، ئوتتۇرا ئەسىردە فېئودال ئاقسوڭەكلەر دولىتى، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بۇرژۇئا دولىتى دىگەنلىك. دولەت ئاخىر ھەقىقى تۈردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى بولغان چاغدا، ئۇ ئۆزىنى ئارتۇقچە نەرسە قىلىپ

قويدۇ. باستۇرۇشقا تېگىشلىك ھېچقانداق ئىجتىمائىي سىنىپ قالمىغان چاغدا، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقمۇ، ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدىن كېلىپ چىققان ياشاش ئۈچۈن بولغان كۈرەشمۇ ۋە بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇشلار ھەم چېكىدىن ئاشقان ھەركەتلەر يوقالغان چاغدا، باستۇرۇشقا تېگىشلىك ھېچنېمە قالمايدۇ، باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان دۆلەتنىڭ ئىبارەت بۇنداق ئالاھىدە كۈچكىمۇ ئېھتىياج قالمايدۇ. دۆلەتنىڭ ھەقىقىي تۈردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قوللىنىدىغان بىرىنچى ھەركىتى يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمئىيەت نامىدىن ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە قوللىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل ھەركىتىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئارىلىشىشى ھەرقايسى ساھەلەردە ئىلگىرى-ئاخىر ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قېلىپ، ئۆز ئۆزىدىن توختايدۇ. ئۇ چاغدا ئادەم ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئورنىنى نەرسىلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا بولغان رەھبەرلىك ئالىدۇ. دۆلەت "بىكار قىلىنىدۇ" ئەمەس، **ئۇ ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ.** "ئەركىن خەلق دۆلىتى" دېگەن سۆزنى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەش لازىم، تەرغىبات ئەھمىيىتى جەھەتتە بۇ سۆزنىڭ ۋاقىتىنچە ساقلىنىپ تۇرۇشى يوللۇق بولسىمۇ، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىلمىي ئاساسى يوق؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتسىزلەر ئوتتۇرىغا قويغان بىر كۈن ئىچىدە دۆلەتنى بىكار قىلىش دېگەن ئاتالمىش تەلەپنىمۇ ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەش لازىم.»

(«ديۇرىڭغا قارشى (ئوگېـن ديۇرىڭ ئەپەنـدى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش)» نەمىسچە 3 ـ نەشـرى، 301 ـــ 303 ـ بەتلەر)[4]

دادىللىق بىلەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئېنگېلسىنىڭ پىكرىگە ئىنتايىن باي بۇ بىر ئابزاس بايانىدا ماركس ئوتتۇرىغا قويغان، ھوكۇمەتـسـزلىكـنىڭ دولەتـنى «بىكار قىلىـش» توغرىسىدىـكى تەلـماتـىغا ئوخشـمايدىـغان بىرلا نۇقـتا يەنى دولەتـنىڭ «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىشى»دىن ئىبارەت بۇ نۇقـتا ھازىرقى زامان سوتسىيالىستلار پارتىيىسى تەرىپىدىن سوتسىيالىستىك ئىدىيە سۈپىتىدە ھەقىقى قوبۇل قىلـىندى. ماركسىزىمنى بۇنـداق بولۇپ تاشلاش ماركسىزىمنى جىخۇيجۇيى قىـلىپ قويۇشـتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنـكى بۇنـداق «چۈشەنـدۈرۈلـگەن»دە، گـويا ئاستا، تېچ، پەيدىن ـ پەي ئۆزگىرىشلا بولۇپ، سەكـرەش ۋە بـوران ـ چاپقۇن بولمايـدىغان، ئىنقىـلاپ بولـمايدىغاندەك بىر مۇجـىمەل چۈشەنـچىلا قالـدۇ. دولەتـنىڭ «ئۆز ئۆزىـدىـن ھـالاك بولۇپ بېرىشى»نى ئەڭ ئومۇمى، ئەڭ كەڭ تارقالغان، ئەڭ ئاممىۋىلاشقان (ئەگەر مۇشۇنـداق دىيىشكە بولىدىغان بولـسا) دەپ چۈشـىنىش، شۈبھىسىزكى، ئىنقىلاپنى يوققا چىقارغانلىق ھەتتا ئىنقىلاپنى ئىنكار قىلغانـلىق بولىدۇ.

لېكىن، بۇنـداق «چۈشەندۈرۈش» ماركسىزىمنى ئەڭ قوپاللىق بىلەن بۇرمىلىغانلىق بولۇپ، بۇرژۇئازىيىگىلا پايدىلـىق. نەزىرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق بۇرملاشنىڭ مەنبەسى ـــ ئېنگېلسنىڭ بىز يۇقۇرىدا تـولۇق نەقىل كەلتۈرگـەن «خـۇلاسە خاراكتىرلىق» بايانىدىمۇ كورستىلگەن ئىنتايىن موھىم ئەھۋال ۋە نۇقتىنەزەرنىڭ ئۇنتۇلغانلىقى.

بىرىنچىدىن، ئېنگېلس بۇ بىر ئابزاس بايانىنىڭ بېشىدىلا: پۇرولېتارىيات دولەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالىدۇ، «شۇنىڭ بىلەن دولەتنىمۇ دولەت سۈپىتىدە يوقىتىدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى كىشىلەر «ئادەتتە» ئويلاپ «كورمەيدۇ»، ئۇلار يا بۇ نۇقتىغا تامامەن سەل قارايدۇ، يا بۇنى ئېنگېلسنىڭ «گېگېلىزىملىق كېسىلى» دەپ ھېساپلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سوز ئەڭ ئۇلۇق بىر قېتىملىق پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىسىنى يەنى 1871 - يىلىدىكى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىسىنى ئىخچام قىلىپ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ھەقتە بىز تۆۋەندە يەنە تەپسىلى توختىلىمىز، ئېنگېلسنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقىنى، ئەمەلىيەتتە، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئارقىلىق **بۇرژۇئا** دولىتىنى «يوقىتىش»، ئۇنىڭ، ھالاك بولۇپ بارىدۇ، دىگىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن **كېيىنكى پۇرولېتارىيات** دولەت تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى كورسەتىدۇ. ئېنگېلس بۇرژۇئا دولىتى «ئوز ئوزىدىن ھالاك بولۇپ» بارمايدۇ، بەلكى ئۇنى پۇرولېتارىيات ئىنقىلاپ داۋامىدا **«يوقىتىدۇ»** دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ ئىنقىلاپتىن كېيىن ئوز ئوزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدىغىنى — پۇرولېتارىياتنىڭ دولىتى ياكى يېرىم دولىتى.

ئىككىنچىدىن، دولەت — «باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە كۈچ»، ئېنگېلسنىڭ بۇ داڭلىق، ئىنتايىن چوڭقۇر تەبىرى بۇ يەردە ناھايىتى ئېنىق بېرىلگەن. بۇ تەبىردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇرولېتارىيات ئۈستىدە يەنى بىر ئوچۇم بايلارنىڭ مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر ئۈستىدە «باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە كۈچى»نىڭ ئورنىنى پۇرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە ئۈستىدە «باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە كۈچى»

(پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى) ئېلىشى كېرەك. مانا بۇ — «دۆلەتنى دۆلەت سۈپىتىدە يوقىتىش». مانا بۇ — ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمىيەت نامىدىن ئۆزلەشتۈرىدىغان «ھەرىكەت». روشەنكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ «ئالاھىدە كۈچى»نىڭ ئورنىنى پرولېتارىياتنىڭ «ئالاھىدە كۈچى» ئالىدۇ، **بۇنداق بىر خىل** ئالمىشىشنى ھەرگىز «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىش»قا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئېنگېلسنىڭ «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىش» دېگىنى، ھەتتا تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ روشەن قىلىپ «ئۆز ئۆزىدىن توختاش» دېگىنى ناھايىتى ئېنىق، مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھالدا «دۆلەت پۈتكۈل جەمىيەت نامىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن»دىن **كېيىنكى** ئىشنى يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن **كېيىنكى** ئىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇ ۋاقىتتىكى «دۆلەت»نىڭ سىياسى شەكلى ئەڭ مۇكەممەل دېموكراتىيە بولىدۇ. لېكىن ماركسىزىمنى نومۇسسىزلارچە بۇرمىلىغۇچى جىخۇيجۇيىچىلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئېنگېلسنىڭ بۇ يەردە ئېيىتىۋاتقىنى دەل **دېموكراتىيىنىڭ** «ئۆز ئۆزىدىن توختىشى» ۋە «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىشى» ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىدى. قارىماققا، بۇ ئەجەپلىنەرلىكتەك تۇرىدۇ. لېكىن، دېموكراتىيىنىڭ **ھەم** دۆلەت ئىكەنلىكىنى، دۆلەت يوقالغان چاغدا دېموكراتىيىنىڭمۇ يوقىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان كىشىلەرلا بۇنى «چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن. بۇرژۇئا دۆلىتىنى پەقەت ئىنقىلاپلا «يوقىتالايدۇ». دۆلەت يەنى ئەڭ مۇكەممەل دېموكراتىيە پەقەت «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ».

تونتنچىدىن، ئېنگېلس «دۆلەت ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ» دېگەن بۇ مەشھۇر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دەرھال بۇنىڭ ھەم جىڭخۇيجۇيىچىلارغا قارشى، ھەم ھۆكۈمەتسىزلەرگە قارشى قويۇلغانلىقىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. لېكىن ئېنگېلس بۇ قائىدىدىن چىقارغان جىڭخۇيجۇيىچىلارغا قارشى يەكۈننى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان.

شۇنى ھوددە قىلىشقا بولىدۇكى، دۆلەت «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ» دېگەن باياننى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان 10 مىڭ كىشىدىن 9 مىڭ 990 ى ئېنگېلسنىڭ بۇ قائىدىدىن چىقارغان يەكۈنىنىڭ **يالغۇزلا** ھۆكۈمەتسىزلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى تامامەن بىلمەيدۇ، ياكى ئېسىدە تۇتمىغان. قالغان 10 كىشىدىن 9 ى ئېھتىمال «ئەركىن خەلق دۆلتى»نىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن بۇ شوئارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزى جىڭخۇيجۇيىچىلارغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. تارىخ ئەنە شۇنداق يېزىلىدۇ! ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي تەلىمات تارقىلىپ كەتكەن چاكىنىچىلىققا كىشىلەر تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق ئوغرىلىقچە ئۆزگەرتىۋېتىلدى! كىشىلەر ھۆكۈمەتسىزلەرگە قارشى چىقىرىلغان يەكۈننى مىڭ قېتىملاپ تەكرارلاپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ ھەممىدە ئىنتايىن ئاددى ھالدا مېڭىسىگە سىڭدۈرۈپ، جاھىل بىر تەرەپلىمە قاراشنى شەكىللەندۈرۈۋالدى. ھالبۇكى، جىڭخۇيجۇيىچىلارغا قارشى چىقىرىلغان يەكۈن بولسا يوققا چىقىرىۋېتىلدى ۋە «ئۇنتۇلدى»!

«ئەركىن خەلق دۆلتى» 70 ـ يىللاردا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان گاڭلىق خاراكتېرلىق تەلەپ ۋە كەڭ تارالغان شوئار. بۇ شوئار دېموكراتىيە چۈشەنچىسىنى مىشچانـ

لارچە مۇبالىغە قىلغان، ئۇنىڭ قىلچە سىياسى مەزمۇنى يوق. كىشلەر ئەينى ۋاقىتتا بۇ شوئاردىن قانۇنىي تۈردە پايدىلىنىپ، دېموكراتىك جۇمهۇرىيەتكە بىشارەت بەرگەنلىكتىن، ئېنگېلىسمۇ بۇ شوئارنى «ۋاقىتلىق» «ئاقلاش»قا تەرغىبات نۇقتىسنەزىرىدىن قوشۇلغان ئىدى. لېكىن بۇ ــ بىر جىخۇيىجۇيىلىق شوئار، ئۇ بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنى بېزەش رولىنىلا ئويناپ قالماي، بەلكى سوتسىيالىزىمنىڭ ھەرقانداق دولەت توغرىسىدىكى تەنقىدىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىدى. بىز دېموكراتىك جۇمهۇرىيەت تۈزۈمىنى قۇۋۋەتلەيمىز، چۈنكى ئۇ كاپىتالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا پرولېتارىيات ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق دولەت شەكلى، لېكىن، بىز ئەڭ دېموكراتىك بۇرژۇئا جۇمهۇرىيىتىدە خەلقنىڭ يەنىلا ياللانما قۇللۇق تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، ھەرقانداق دولەت ــ ئېزىلگۈچى سىنىپ ئۈستىدە «باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە كۈچ». شۇنىڭ ئۈچۈن **ھەرقانداق** دولەت ئەركىنمۇ **ئەمەس**، خەلقنىڭمۇ **ئەمەس**. 70 ـ يىللاردا ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۇزلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى يولداشلىرىغا بۇنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى.

بەشىنچىدىن، ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسرىدە، كوپچىلىكنىڭ ئېسىدە بار دولەتنىڭ ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىشى توغرىسىدىكى باياندىن باشقا، زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنىڭ ئەھمىيىتىمۇ سوزلەنگەن. ئېنگېلسنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنىڭ رولىغا بەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك باھاسى زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپقا ئوقۇلغان ھەقىقى مەدھىيە بولۇپ

قالدۇ. لېكىن، بۇ نۇقتا «ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوق»، ھازىرقى زامان سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ئىچىدە بۇ ئىدىيىنىڭ ئەھمىيىتى ئادەتتە تىلغا ئېلىنمايدۇ، ھەتتا ئادەتتە ئويلاپمۇ قويۇلمايدۇ، بۇ ئىدىيىلەر ئامما ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈندىلىك تەشۋىق-تەرغىپتىمۇ ھېچقانداق ئورۇننى ئىگىلىمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىدىيىلەر دۆلەتنىڭ «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىشى» توغرىسىدىكى نەزەرىيە بىلەن زىچ باغلانغان، ئۇ ــ چىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە.

ئېنگېلسنىڭ بايانىنى كۆرۈپ بېقىڭلار:

......«زورلۇق كۈچ تارىختا يەنە باشقا بىر خىل رول ئوينايدۇ» (يامانلىق قىلىشنى ھېساپقا ئالمىغاندا) «يەنى ئىنقىلاۋىي رول ئوينايدۇ؛ زورلۇق كۈچ، ماركسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يېڭى جەمئىيەتكە ھامىلدار بولغان ھەر بىر كونا جەمئىيەتنىڭ كىندىك ئانىسى؛ زورلۇق كۈچ ــ ئىجتىمائى ھەركەت ئۆزى ئۈچۈن يول ئاچىدىغان ۋە ئۆلۈك، قېتىپ قالغان سىياسى شەكىللەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان قورال، ــ بۇلار توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى ھېچنىمە دېمىگەن. ئۇ پەقەت ھەسرەت ۋە نالە ئىچىدە: ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئىگىلىكنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن زورلۇق كۈچمۇ زورۇر بولسا كېرەك، دېگەن مۇمكىنچىلىكنى ئېتىراپ قىلىدۇ ــ قاراڭلار، نىمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق-ھە! ــ چۈنكى زورلۇق كۈچنىڭ ھەرقانداق يوسۇندا ئىشلىتىلىشى زورلۇق كۈچنى ئىشلەتكۈچىلەرنى ئەخلاقي جەھەتتە چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتەرمىش. ھەر قېتىملىق ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەخلاق ۋە ئىدىيە كۆرۈنەرلىك يۈكسەلگەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق

دەيدۇ! يەنە كېلىپ بۇ گەپ گېرمانىيىدە ئېيتىلغان، ئۇ يەردە خەلقنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن ئېلىپ بېرىشى ئېھتىمال بولغان زورلۇق كۈچ توقۇنۇشىنىڭ، ھېچ بولمىغاندا، بىر ئارتۇقچىلىقى بار، يەنى ئۇ 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ خورلىشى مىللىي ئاڭدا پەيدا قىلغان قۇلچىلىق كەيپىياتىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇنداق ھاياتىي كۈچى بولمىغان، روھسىز، ئاجىز راھىپلار ئىددىيىسى تارىختا ئەڭ ئىنقىلاۋىي بولغان پارتىيىگە ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولىدۇ!» («دېيۇرىڭغا قارشى»، نېمىسچە 3 ـ نەشرى، 193 ـ بەت؛ 2 ـ بولۇم توتىنچى بابىنىڭ ئاخىرى) قانداق قىلغاندا ئېنگېلسنىڭ 1878 ـ يىلدىن باشلاپ 1894 ـ يىلغىچە يەنى ئۆزىنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقانغا قەدەر، گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىغا زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنى مەدھىيىلەپ قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويغان كوزقارىشىنى دۆلەتنىڭ «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىشى» توغرىسىدىكى نەزەرىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر تەلىمات قىلغىلى بولىدۇ؟

كىشىلەر ئۇلارنى دائىم جېجۇگجۇيىلىق، پىرىنسىپسىزلىق ياكى كاززاپلىق بىلەن ئۆز خاھىشى بويىچە (ياكى ھوقۇق تۇتقۇچىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن) ئاللىنىقسىنى ياكى كېيىنكىسىنى تەكىتلەش يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىدۇ، بەلكى 100 قېتىمنىڭ 99 قېتىمىدا (ئەگەر تېخىمۇ كوپ بولمىسا)، دەل «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىش» توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىدۇ. جېجۇگجۇيىنى بىيەنجېڭغانىڭ ئورنىغا قويۇش ـــ ھازىرقى رەسمىي سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كىتاپ ـ ژورناللىرىدا ماركسىزىم ھەققىدە ئەڭ كوپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ ئومۇمىي بولغان

ھادىسە. بۇنداق قىلىش، تەبىئى، يېڭىلىق ئەمەس، بۇ ھال ھەتتا يۇناننىڭ كىلاسسىك پەلسەپە تارىخىدىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ماركسىزىمنى جىڭخۇيجۇيىغا ئۆزگەرتكەن چاغدا، جىجۇڭجۇيىنى بىيەنجېڭفا قىلىپ كۆرسىتىش ئاممىنى ئەڭ ئوڭاي ئالدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ھەم شۇنداقتەك، ھەم شۇنداق ئەمەستەك بىر خىل قانائەتلىنىش ھېسسىياتىغا كېلىپ قالىدۇ، گويا جەرياننىڭ ھەممە تەرەپلىرى، تەرەققىياتنىڭ ھەممە يۆزلىنىشلىرى، ھەممە ئۆزئارا زىددىيەتلىك تەسىر ۋاھاكازالار ھېساپقا ئېلىنغاندەك تۇرىسمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھېچقانداق مۇكەممەل، ئىنقىلاۋىي ئاساستا چۈشەندۈرۈلمەيدۇ.

بىز ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنىڭ مۇقەررەرلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ بۇرژۇئا دۆلەتىگە قارىتىلغانلىقىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق، تۆۋەندە بۇ نۇقتىنى يەنە تېخىمۇ تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. پۇرولېتارىيات دۆلىتى (پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى)نىڭ بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىش» ئارقىلىق **بولمايدۇ،** ئومۇمىي قائىدىگە ئاساسلانغاندا، پەقەت زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپ ئارقىلىقلا بولىدۇ. ئېنگېلسنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپقا ئوقۇغان مەدھىيىسى ماركسنىڭ كۆپ قېتىملىق بايانلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن (ئەسلەپ باقايلى، «پەلسەپە نامراتلىقى»[5] ۋە «گوڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»[6] دىگەن بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنىڭ مۇقەررەرلىكى ئېپتىخارلىق بىلەن ئاشكارا بايان قىلىنغان؛ بىز يەنە ئەسلەپ باقايلى، تەخمىنەن 30 يىلدىن كېيىن،

ماركس 1875 ـ يىلى گوتا گاڭلىڭىنى پىپەن قىلغان7 چاغدا، بۇ گاڭلىڭدا ئىپادىلەنگەن جىخۇيجۇيىغا رەھىمسىز دەككە بەرگەن)، بۇنداق مەدھىيە ھەرگىز **«مەپتۇن بولغانلىق»** ئەمەس، ھەرگىز مۇبالىغە قىلغانلىق ئەمەس، ھەرگىز بەس ـ مۇنازىرە نەيرىڭىمۇ ئەمەس. ئاممىنى زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپنى **مۇشۇنداق** تونۇيدىغان بەلكى دەل مۇشۇنداق تونۇيدىغان قىلىپ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش كېرەك، بۇ ـ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ **پۈتۈن** تەلىماتىنىڭ ئاساسى. ھازىر ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ **تۇرۇۋاتقان** سوتسىيال شوۋىنىزىم ۋە كائۇتسكىزىم ئېقىمىنىڭ ماركس بىلەن ئېنگېلس تەلىماتىغا قىلغان ئاسىلىقى بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ **بۇ جەھەتتىكى** تەشۋىقات ۋە تەرغىباتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ ئورنىنى پرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ ئېلىشى زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپ ئارقىلىق بولماي مۇمكىن ئەمەس. پرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى يەنى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ يوقىتىلىشى پەقەت «ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بېرىش» ئارقىلىقلا بولىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ھەر بىر ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلغان، ھەر بىر ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى تەھلىل قىلغان چاغدا، ھامان ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىلىرىنى تەپسىلىي ۋە كونكرېت جارى قىلدۇرغان. بىز ئەمدى ئۇلارنىڭ تەلىماتىنىڭ بۇ ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۈستىدە توختىلىمىز.

# ئىككىنچى باپ

## دولەت ۋە ئىنقىلاپ
## 1848 — 1851 - يىللاردىكى تەجربە

### 1. ئىنقىلاپنىڭ ھارپىسى

يېتىلگەن ماركسىزملىق ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلەر «پەلسەپە نامراتلىغى» ۋە «گوكۇمچەنداڭ خىتاپنامىسى» دەل 1848 - يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ ھارپىسدا يېزىلغان. مۇشۇ ئەھۋال سەۋەۋىدىن بۇ ئىككى كىتاپتا ماركسىزمنىڭ ئۇمۇمى قائىدىسى بايان قىلىنىشتىن تاشقىرى يەنە شۇ ۋاقىتتىكى كونكرىت ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ ئىككى ئەسەر ئاپتور-لىرىنىڭ 1848 — 1851 - يىللاردىكى ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۇنلەشتىن ئىلگىرى دولەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى سوزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۇتۇشمىز تېخىمۇ مۇۋاپىقراق بولار.

ماركس «پەلسەپە نامراتلىغى»دا مۇنداق دەپ يازىدۇ: ......

«ئىشچىلار سىنىپى تەرەققىيات جەريانىدا سىنىپ ۋە سىنىپي قارىمۇ-قارشىلىقلارنى تۈگىتىدىغان بىرلەشمىنى يارىتىش ئارقىلىق كونا بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ؛ شۇنىڭدىن باشلاپ ئەسلى مەنىدىكى ھېچقانداق ھاكىمىيەت قالمايدۇ، چۈنكى ھاكىمىيەت دەل بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئىچكى

قسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ رەسمى ئىپادىسى.»
(1885 - يىل، نېمىسچە نەشرى، 182 - بەت)[8]

ماركس بىلەن ئېنگېلس شۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي كېيىن (1847-يىل 11-ئاي) يازغان «گۈكچەنىداڭ خىتاپنامىسى»دىكى بايانىنى دولەت سىنىپلارنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ، دىگەن ئىدىيە توغرىسىدىكى بۇ بىر ئابزاس ئومۇمى بايان بىلەن سېلىشتۇرۇش خېلى مەنپەئەت بېرىدۇ.

......«پۇرولېتارىياتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇمى باسقۇچلىرىنى بايان قىلغان چاغدا، بىز ھازىرقى جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئازدۇر-كوپتۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىچكى ئۇرۇشنى، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاشكارا ئىنقىلاپقا ئايلىنىشىغا، پۇرولېتارىياتىنىڭ بۇرژۇئازىيىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئوز ھوكۇمرانلىغىنى ئورنىتىشىغا قەدەر تەرتىپ بويىچە تەكشۇرۇپ ئوتتۇق»......

......«بىز يۇقۇرىدا كورۇپ ئوتتۇقكى، ئىشچىلار ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى قەدىمى پۇرولېتارىياتنى ھوكۇمران سىنىپقا ئايلاندۇرۇش (سوزمۇ-سوز تەرجىمىسى كوتىرىش)، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۇرۇشتىن ئىبارەت.»

«پۇرولېتارىيات ئوزىنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىغىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەممە كاپىتالىنى قەدەممۇ-قەدەم تارتىۋالىدۇ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى دولەتكە يەنى ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پۇرولېتارىياتىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۇرىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمى مىقتارىنى مۇمكىن قەدەر چاپسانراق ئاشۇرىدۇ.» (1906 - يىل،

نېمىسچە 7 ـ نەشرى، 31 ـ ۋە 37 ـ بەتلەر)[9]

بۇ يەردە بىز ماركسىزىمنىڭ دۆلەت مەسىلىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ موھىم ئىدىيىسىنىڭ يەنى «پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى» (ماركس بىلەن ئېنگېلس پارىژ گوڭشېسىدىن كېيىن ئېيتقاندەك) ئىدىيىسىنىڭ بايان قىلىنىغانلىقىنى كورىمىز، ئۇنىڭدىن قالسا بىز يەنە دۆلەتكە بېرىلگەن ئىنتايىن موھىم بىر تەبىرنى كورىمىز، بۇ تەبىرمۇ ماركسىزىمنىڭ «كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان سوزلىرى» قاتارىغا كىرىدۇ: **«دۆلەت يەنى ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پۇرولېتارىيات».**

دۆلەتكە بېرىلگەن بۇ تەبىر رەسمى سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان تەشۋىق ـ تەرغىب مەتبۇئاتلىرىدا ئەسلا چۈشەندۈرۈلمەيلا قالماستىن، بەلكى دەل ئەستىن چىقىرىپ قويۇلغان، چۈنكى بۇ تەبىر گەيلياڭجۇيى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ، ئۇ «دېموكراتىيىنىڭ تىنچ تەرەققى قىلىشى»دىن ئىبارەت كوپ ئۇچرايدىغان مۇنداق جىڭخۇيىجۇيىلىق بىر تەرەپلىمە قاراشقا ۋە مېشچانلارچە خام خىيالغا بىۋاستە زەربە بېرىدۇ.

پۇرولېتارىيات دۆلەتكە مۇھتاج، ــ بارلىق جىڭخۇيىجۇيىچىلار يەنى سوتسىيال شوۋىنىزىمچىلار ۋە كائۇتسكىزىمچىلار مۇشۇنداق دەپ تەكرارلىشىدۇ، ماركسنىڭ تەلىماتى دەل شۇنداق، دەپ قاتتىق تۇرۇۋېلىشىدۇ، لېكىن ئۇلار شۇنى قوشۇپ قويۇشنى **ئۇنتۇغانكى**، ماركسنىڭ قارىشىچە، بىرىنچىدىن، پۇرولېتارىياتنىڭ مۇھتاج بولىدىغىنى پەقەت تەدرىجى ھالاك بولۇپ بارىدىغان دۆلەت، يەنى دەرھال ھالاك بولۇشقا باشلايدىغان ۋە ھالاك بولماي قالمايدىغان بولۇپ ئۇيۇشقان دۆلەت؛ ئىككىنچىدىن، ئەمگەكچىلەر مۇھتاج

بولغان «دولەت» دەل «ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پۇرولېتارىيات».

دولەت ئالاھىدە زورلۇق تەشكىلاتى، بىرەر سىنىپنى باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان زورلۇق كۈچ تەشكىلاتى. پۇرولېتارىياتنىڭ باستۇرىدىغىنى زادى قايسى سىنىپ؟ ئەلۋەتتە، پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ، يەنى بۇرژۇئازىيە. ئەمگەكچىلەر پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈنلا دولەتكە مۇھتاج، ھالبۇكى، پەقەت پۇرولېتارىياتلا بۇنداق باستۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلالايدۇ ۋە ئۇنى يولغا قويالايدۇ، چۈنكى پۇرولېتارىيات — ئۈزۈل - كېسىل ئىنقىلاپ قىلىدىغان بىردىن - بىر سىنىپ، بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلالايدىغان، بۇرژۇئازىيىنى پۈتۈنلەي يوقىتالايدىغان بىردىن - بىر سىنىپ.

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىققا مۇھتاج بولۇشى ئېكسپىلاتاتسىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەنى ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتىنى دەپ مۇتلەق زور كوپچىلىك خەلققە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىققا مۇھتاج بولۇشى بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى تەلتوكۈس يوقىتىش ئۈچۈن، يەنى مۇتلەق زور كوپچىلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھازىرقى زامان قۇلدارلىرىغا — پومىشىك ۋە كاپىتالىستلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن.

ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى — سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك خام خىيالىنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئورنىغا قويىدىغان جا سوتسىيالىزىم-

چىلار سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەنمۇ خام خىيالدا بولىدۇ،
ئۇلار ئۆزگەرتىشنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ
ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەزىپىسىنى
چۈشەنگەن كوپچىلىككە ئازچىلىقنىڭ تىچ ھالدا بويسۇنۇشى ئۈچۈن
دەپ قىياس قىلىشىدۇ، بۇنداق ئۇششاق بۇرژۇئاچە قۇرۇق خىيال
دولەتنى سىنىپتىن خالى دەپ ھېساپلايدىغان نۇقتىنەزەر بىلەن
زىچ باغلانغان، بۇنداق قۇرۇق خىيال ئەمىلىيەت جەريانىدا مۇقەررەر
ھالدا ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىشقا ئېلىپ بارىدۇ،
فرانسىيىنىڭ 1848 ـ يىلدىكى ۋە 1871 ـ يىلدىكى ئىنقىلاۋىنىڭ
تارىخى بۇ نۇقتىنى كورسەتكەن ئىدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى
ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە
قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى «سوتسىيالىزىمچىلار»نىڭ بۇرژۇئا
ھېيئىتىگە قاتنىشىش تەجرىبىسىمۇ بۇ نۇقتىنى كورسەتكەن
ئىدى.

ماركس ئۇمۇر بويى ئەنە شۇنداق ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمىغا
يەنى ھازىر روسىيىدە سوتسىيال ـ ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى ۋە
مىنشېۋىكلار تەرىپىدىن تىرىلدۇرۇلگەن ئەنە شۇنداق ئۇششاق
بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمىغا قارشى كۈرەش قىلغان ئىدى. ماركس
سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى تەلىماتنى ئىزچىل چىڭ تۇرغان
ۋە ئۇنى ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتقا، دولەت توغرىسىدىكى
تەلىماتقا سىڭدۈرگەن ئىدى.

پەقەت پرولېتارىياتنىڭ ئىبارەت بۇ ئالاھىدە سىنىپلا بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدۇ، چۈنكى پرولېتا-
رىيات ياشاۋاتقان ئىقتىسادىي شارائىت ئۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ

هوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا تەييارلايدۇ، ئۇنى بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئىمكانىيىتىگە ۋە كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇرژۇئازىيە، بىر تەرەپتىن، دېھقانلارنى ۋە بارلىق ئۇششاق بۇرژۇئازلار قاتلىمىنى پارچىلىسا ۋە تارقىتىۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پرولېتارىياتنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ، بىرلەشتۈرىدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ. پەقەت پرولېتارىياتلا ئۆزىنىڭ يىرىك ئىشلەپچىقىرىشتا تۇتقان ئىقتىسادىي رولى سەۋەبىدىن، **بارلىق** ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ رەھبىرى بولالايدۇ. بۇ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسى، كۆپ ھاللاردا، پرولېتارىياتقا قارىغاندا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى، ئېزىشى ۋە ئاياق ئاستى قىلىشىغا تېخىمۇ قاتتىق ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن **مۇستەقىل** كۈرەش ئېلىپ بارالمايدۇ.

ماركسىنىڭ دۆلەت ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ مەسىلىسىدە تەتبىقلىغان سىنىپىي كۈرەش تەلىماتى مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىياتنىڭ **سىياسىي ھوكۇمرانلىقىنى** ئېتىراپ قىلىشقا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا يەنى ھېچكىم بىلەن بۆلۈشۈپ ئىگىلىمەيدىغان بەلكى ئاممىنىڭ قوراللىق كۈچىگە بىۋاستە تايىنىدىغان ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. پەقەت پرولېتارىياتنى **ھوكۇمران سىنىپقا**، بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇقەررەر جان تىكىپ ئېلىپ بارىدىغان قارشىلىقىنى باستۇرالايدىغان، **بارلىق** ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى تەشكىللەش بىلەن يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئورنىتالايدىغان ھوكۇمران سىنىپقا ئايلاندۇرغاندىلا، بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرغىلى بولىدۇ.

پرولېتارىيات ھەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنى

باستۇرۇش، ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىغا يەنى دىخانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە يېرىم پۇرولېتارىياتقا **رەھبەرلىك قىلىپ** سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى «تەرتىپكە سېلىش» ئۈچۈن دولەت ھاكىمىيىتىگە، مەركەزلەشكەن زورلۇق تەشكىلاتىغا، زورلۇق كۈچ تەشكىلاتىغا مۇھتاج.

ماركسىزم ئىشچىلارنىڭ پارتىيىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ، يەنى ئۇنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالالايدىغان ۋە سوتسىيالىزىمغا **پۈتۈن خەلقنى يېتەكلەپ** ماڭالايدىغان، يېڭى تۈزۈمنى گۈيخۇالاشتۇرالايدىغان ۋە تەشكىللىيەلەيدىغان، بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ بۇرژۇئازىيىنى قاتناشتۇرماي ۋە بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئىشلىرىنى بەرپا قىلىشىدا ئۇستاز، رەھبەر، داھى بولالايدىغان پۇرولېتارىيات شيەنفېڭدۈيى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھازىر ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغان جىخۇيجۇيى بولسا ئىشچىلارنىڭ پارتىيىلىرىنى ئاممىدىن ئايرىلغان ۋە يۇقۇرى مۇئاشلىق ئىشچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر توپ ئادەملەردىن قىلىپ، پەقەت كاپىتالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا «ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىش»قا بېرىلىپ، بىر قاچا ماشخوردىغا ئۆز ئاكىلىق ھوقۇقىنى سېتىۋېتىدىغان قىلىپ يەنى بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرىدىغان خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىسى بولۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

«دولەت يەنى ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پۇرولېتارىيات»، ــ ماركسنىڭ بۇ نەزىرىيىسى ئۇنىڭ پۇرولېتارىياتنىڭ تارىختىكى ئىنقىلاۋىي رولى توغرىسىدىكى ھەممە تەلىماتى بىلەن

ئايرىلماس ھالدا باغلانغان. بۇ رولنىڭ ئالى ئىپادىسى — پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى، پرولېتارىياتنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىغى.

پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە **قارشى** دولەتتىن ئىبارەت بۇنداق بىر **ئالاھىدە** زورلۇق كۈچ تەشكىلاتىغا مۇھتاج ئىكەن، ئۇ ھالدا، تەبىى يوسۇندا مۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: بۇرژۇئازىيىنىڭ **ئۆزى** ئۈچۈن قۇرغان دولەت ماشىنىسىنى ئالدى بىلەن يوقاتماي ۋە بۇزماي تۇرۇپ، بۇنداق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! «گۇڭچەندانىڭ خىتاپنامىسى» مۇشۇ خۇلاسىگە يېقىنلىشىپ قالغان، ماركس 1848 — 1851 - يىللاردىكى ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۇنلىگەندىمۇ ئەنە شۇ خۇلاسە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدى.

## 2. ئىنقىلاپنىڭ يەكۇنى

بىزنى قىزىقتۇرغان بۇ دولەت مەسىلىسى توغرىسىدا ماركس «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى» دىگەن ئەسىرىدە 1848 — 1851 - يىللاردىكى ئىنقىلاپنى يەكۇنلىگەندە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

......«لېكىن ئىنقىلاپ ئۇزۇل - كېسىل بولىدى. ئۇ تېخى مەھشەرگاھتىن ئۆتمەكتە. ئۇ ئۆز ئىشىنى تەرتىپلىك ئورۇنلىماقتا. 1851 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى» (لۇئى بوناپارت سىياسى ئۆزگىرىش قىلغان كۈنى) «دىن ئىلگىرى، ئۇ تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ئورۇنلاپ بولغان، ئەمدى كېيىنكى يېرىمىنى ئورۇنلاۋاتىدۇ. ئۇ يىخۇي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇ-

رۇۋېتەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ھاكىمىيەتنى مۇكەممەللەشتۈردى. ھازىر، بۇ باسقۇچنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، **مەمۇرى ھاكىمىيەتنى** مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنى ئەڭ ساپ شەكىل قىلىپ كورسىتىۋاتىدۇ، ئۇنى يىتىم ھالغا چۈشۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنى ئۆزىگە قارشى بىردىن-بىر دۈشياڭ قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت بارلىق بۇزغۇنچى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش» (تەكىتلەش بەلگىسىنى بىز قويدۇق). «ھالبۇكى، ئىنقىلاپ ئۆز تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئەنە شۇ كېيىنكى يېرىمىنى ئورۇنلاپ بولغاندا، ياۋروپا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: ياخشى كولىدىڭ، قېرى ئېتىز چاشقىنى! دەپ تەنتەنە قىلىدۇ.

بۇ مەمۇرى ھاكىمىيەت ناھايىتى چوڭ گۆەنلياۋ ئورگانلار ۋە ھەربى ئورگانلارغا ئىگە، مۇرەككەپ ۋە ئەپچىل دولەت ماشىنىسىغا ئىگە، ئۇنىڭ 500 مىڭ كىشىلىك ئەمەلدارلار قوشۇنى ۋە 500 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بار، — فرانسىيە جەمىيىتىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى خۇددى قېلىن توردەك چىرمىۋالغان ۋە ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر ئۇششاق توشۇكلەرنىمۇ ئېتىۋالغان بۇ قورقۇنچلۇق تەييارتاپ ئورگانىزىم مۇستەبىت پادىشالىق دەۋرىدە، فېودالىلىق تۈزۈم ھالاك بولۇۋاتقان مەزگىلدە پەيدا بولغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ تەييارتاپ ئورگانىزىم فېودالىق تۈزۈمنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى.» بىرىنچى قېتىملىق فرانسىيە ئىنقىلاۋى ھوقۇقنى جۈڭياڭغا مەركەزلەشتۈرۈشنى راۋاجلاندۇردى، «لېكىن ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەجمىنى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ۋە

ياردەمچىلىرىنىڭ سانىنىمۇ كوپەيتتى. ناپولېون بۇ دولەت ماشىنىسىنى ئىشقا ئاشۇردى». جېڭتۇڭ سۇلالە ۋە ئىيۇل سۇلالىسى «ئىش تەقسىماتىنى كېڭەيتكەندىن باشقا ھېچقانداق يېڭى نەرسە قوشمىدى»......

......«ئاخىردا، يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى كۈرىشى داۋامىدا، قاتتىق بېسىم ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىشتىن تاشقىرى، يەنە ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ قوراللىرىنى كۈچەيتىشكە ۋە مەركەزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇ. بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلىمىدى، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.» (تەكىتلەش بەلگىسىنى بىز قويدۇق) «ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ بىر بىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ كەلگەن پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ غايەت زور دولەت بىناسىنى تارتىۋېلىشنى ئۆز غەلىبىسىنىڭ ئاساسىي غەنىمىتى دەپ قاراشتى.» («لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى»، 1907 ـ يىل، ھامبۇرگ، نېمىسچە 4 ـ نەشرى، 98 ـــ 99 ـ بەتلەر)[10]

ماركسىزىم بۇ ئېسىل بايانلاردا «گوڭچەنداڭ خىتاپنامىسى» دىكىگە قارىغاندا ئالغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭدا دولەت مەسىلىسى تېخى ئىنتايىن چۇشىياڭ قويۇلغان، تېخى ئەڭ ئادەتتىكى ئۇقۇم ۋە بايانلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ يەردە بولسا مەسىلە كونكرېت قويۇلغان، ئىنتايىن توغرا، مۇقىم، ئەمەلىي ۋە كونكرېت قىلىپ مۇنداق يەكۇنىمۇ چىقىرىلغان: ئىلگىرىكى ئىنقىلاپلارنىڭ ھەممىسى دولەت ماشىنىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئىدى، لېكىن بۇ ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلاش

كېرەك، ۋەيران قىلىپ تاشلاش كېرەك.

بۇ يەكۈن ماركسىزىمنىڭ دولەت تەلىماتىدا موھىم ۋە ئاساسىي نەرسە. دەل مۇشۇ ئاساسىي نەرسە ھازىر ھوكۇمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىۋالغان رەسمى سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسى تەرىپىدىنلا پۈتۈنلەي **ئۇنتۇلۇپ قالماي**، بەلكى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەڭ مەشھۇر نەزەرىيىچىسى ك. كائۇتسكى تەرىپىدىنمۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق **بۇرمىلاندى** (بۇ نۇقتىنى تۆۋەندە كورىمىز).

«كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى»دە چىقىرىلغان ئومۇمى تارىخىي خۇلاسە كىشىلەرنى دولەت سىنىپىي ھوكۇمرانلىق ئورگىنى دىگەن تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى مۇنداق بىر مۇقەررەر خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇ: ئەگەر پرولېتارىيات ئاۋال ھاكىمىيەتنى تارتىۋالمىسا، سىياسى ھوكۇمرانلىقنى قولغا ئالمىسا، دولەتنى «ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پرولېتارىيات»قا ئايلاندۇرمىسا، بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرالمايدۇ؛ بۇ پرولېتارىيات دولىتى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا دەرھال ھالاك بولۇشقا باشلايدۇ، چۈنكى سىنىپىي زىددىيەت بولمىغان جەمىيەتتە دولەتنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ يەردە، پرولېتارىيات دولىتى زادى قانداق قىلىپ بۇرژۇئا دولىتىنىڭ ئورنىنى (تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىنەزەرىدىن قارىغاندا) ئېلىشى كېرەك، دىگەن مەسىلە تېخى قويۇلمىغان.

ماركسىنىڭ 1852 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلغىنى دەل مۇشۇ مەسىلە. ماركس ئۆزىنىڭ بىيەنجىكلىق ۋېيىۋۇجۇيىچە پەلسەپىسىگە سادىقلىق قىلدى، ئۇ 1848—1851 - يىللار ئىنقىلاۋىنىڭ بۈيۈك يىللىرىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلدى.

ماركس تەلىماتى بۇ يەردىمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدەك، چوڭقۇر پەلسەپۋى دۇنياقاراش ۋە مول تارىخىي بىلىملەر بىلەن ئىنىق شەرھىلەنگەن **تەجرىبىلەر يەكۈنىدىن** ئىبارەت.

دۆلەت مەسىلىسى ھازىر ناھايىتى كونكرېت قويۇلدى: بۇرژۇئا دۆلىتى، بۇرژۇئا ھوكۇمرانلىقى مۇھتاج بولغان دۆلەت ماشىنىسى تارىختا قانداق پەيدا بولغان؟ دۆلەت ماشىنىسى ھەر قېتىمقى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى جەريانىدا، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ مۇستەقىل ھەركەتلىرىگە دۇچكەلگەن چاغلاردا، قانداق ئۆزگەرگەن ۋە قانداق تەدرىجى ئۆزگىرىپ بارغان؟ پرولېتارىياتنىڭ بۇ دۆلەت ماشىنىسىغا نىسبەتەن ۋەزىپىسى قانداق؟

كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە خاس بولغان، ھوقۇق جۇڭگىياگىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش دەۋرىدە پەيدا بولغان ئىدى. بۇ دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلەيدىغان ئىككى خىل ئورگان يەنى ئەمەلدارلار بىلەن دائىمى ئارمىيە بار. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئىككى خىل ئورگاننىڭ دەل بۇرژۇ-ئازىيە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقى توغرىسىدا كوپ قېتىم سوزلەنگەن. ھەر بىر ئىشچىنىڭ تەجرىبىسى بۇنداق باغلىنىشنى ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئوز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى-تىن، ھازىر بۇنداق باغلىنىشنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىغىنى چۈشەندى، دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپى بۇنداق باغلىنىشنىڭ مۇقەررەرلىگى توغرىسىدىكى داۋلىنى ناھايىتى ئاسان چۈشىنىدۇ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ، ئۇششاق بۇرژۇئا

دېموكراتلىرى بولسا بۇ نۇقتىنى يا ئاخماقلىق ۋە يېنىكلىك بىلەن ئىنكار قىلىشىدۇ، يا تېخىمۇ يېنىكلىك بىلەن «ئومۇمەن» ئېتىراپ قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تېگىشلىك ئەمەلىي يەكۈن چىقىرىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ.

ئەمەلدارلار بىلەن دائىمى ئارمىيە ــ بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ بەدىنىدىكى «تەييارتاپ قۇرۇت»، مۇشۇ جەمئىيەتنى چىرىتىۋاتقان ئىچكى زىددىيەتلەر پەيدا قىلغان تەييارتاپ قۇرۇت، بەلكى دەل ھاياتىنىڭ نەپەس يوللىرىنى «توسۇۋالغان» تەييارتاپ قۇرۇت. ھازىر رەسمىي سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىدە ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغان كائۇتسكى جىخۇيىجۇيىسى دۆلەتنى بىر خىل **تەييارتاپ ئورگانىزىم** دەپ قارايدىغان نۇقتىنەزەرنى ھوكۇمەتسىزلىككە خاس ئالاھىدىلىك دەپ ھېساپلىماقتا. ماركسىزمنى مۇشۇنداق بۇرمىلاش سوتسىيالىزمنى مىسلىسىز بۇلغايدىغان، «ۋەتەننى قوغداش» ئۇقۇمىنى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا تەتبىقلاش يولى بىلەن بۇ ئۇرۇشنى ئاقلايدىغان ۋە بېزەيدىغان مىشچانلار ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئىنتايىن پايدىلىق، لېكىن بۇ، بەرىبىر، مۇتلەق بۇرمىلاش.

فېوداللىق تۈزۈم يىمىرىلگەندىن بۇيان ياۋروپادا يۈزبەرگەن كوپ قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئارقىلىق، بۇ ئەمەلدارلىق ئورگان ۋە ھەربى ئورگان تەدرىجى راۋاجلاندى، مۇكەممەللەشتى ۋە مۇستەھكەملەندى. شۇنى كورسىتىش كېرەككى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيە تەرەپكە تارتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەنە شۇ ئورگان ئارقىلىق بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئورگان دېخانلار، ئۇششاق قول

سانائەتچىلەر، سودىگەرلەر ۋە باشقىلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقە-
لىرىگە بىر قەدەر ئازادە، تىنچ ۋە كورۇنەرلىك موھىم ئورۇنلارنى
بېرىپ، ئۇلارنى خەلقتىن **يۇقۇرى** قويىدۇ. بىز 1917 - يىل
2 - ئاينىڭ 27 - كۇنىدىن كېيىنكى يېرىم يىل ئىچىدە روسىيىدە
يۈزبەرگەن بەزى ئەھۋاللارغا قاراپ باقايلى: ئىلگىرى خېيباڭلار
چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئەمەلدارلىق ئورۇنلىرى ئەمدى ئاساسىي قانۇن
تۇزگۇچى دېموكراتلار، مىنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ
ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمىلىيەتتە، ئۇلار ھېچقانداق
ئەستايىدىل ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئويلاشمىدى، بۇ
ئىسلاھاتلارنى «ئاساسىي قانۇن تۇزۇش يىغىنى چاقىرىلغان ۋاقىتقىچە»
سوزۇش، ئاساسىي قانۇن تۇزۇش يىغىنىنى چاقىرىش ۋاقتىنى
بولسا ئاستا - ئاستا ئۇرۇش ئاخىرلاشقانغا قەدەر سوزۇشقا ئۇرۇندى!
ئولجا بولۇشۇش، بۇجاڭلىق، مائاۋىن بۇجاڭلىق ۋە زۇڭدۇلۇققا
ئوخشاش كاتتا ئورۇنلارنى قولغا كىرگۈزۈشكە كەلگەندە بولسا،
ۋاقىتنى كېچىكتۇرمىدى، ھېچقانداق ئاساسىي قانۇن تۇزۇش يىغىنىنى
كۇتۇپ تۇرمىدى! ھوكۇمەتنىڭ موھىم مەنسەپلىرىنى تەقسىم
قىلىش ئويۇنى، ئەمىلىيەتتە، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە
يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە بارلىق جوڭياڭ ۋە يەرلىك باشقۇرۇش
ئىدارىلىرىدىكى «ئولجا» بولۇشۇش ۋە قايتىدىن بولۇشۇشنىڭ
بىر خىل ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىر تۇرلۇك
ئىسلاھاتلار كېچىكتۇرۇلدى، ئەمەلدارلىق مەنسەپلىرى بولۇشۇپ
بولۇندى، بولۇشۇش جەھەتتىكى «خاتالىق»لارمۇ بىرنەچچە قېتىم
قايتىدىن بولۇشۇش بىلەن تۇزىتىلدى، — شۇبھىسىزكى، مانا
بۇ — 1917 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۇنىدىن 8 - ئاينىڭ 27 - كۇنىگە

قەدەر بولغان يېرىم يەللىق خۇلاسە، كېگۈەن خۇلاسە.

لېكىن ھەرقايسى بۇرژۇئا پارتىيىلىرى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا پارتىيىلىرى ئارىسىدىكى (روسىيىنى ئالساق، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى دېموكراتلار پارتىيىسى، سوتسىيال - ئىنقىلاپچىلار پارتىيە-سى ۋە مېنشېۋىكلار ئارىسىدىكى) ئەمەلدارلىق ئورگانلارنى «قايتىدىن بولۇشۇش» پاكىتى قانچە كۆپەيسە، ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئالدى بىلەن ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى پرولېتارىيات ئۈزلىرى-نىڭ **پۈتكۈل** بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتى بىلەن بولغان مۇرەسسەسىز دۈشمەنلىك خاراكتېرىنى شۇنچە ئېنىق چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق بۇرژۇئا پارتىيىلىرىگە ھەتتا ئەڭ دېموكراتىك ۋە «ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك» پارتىيىلەرگىمۇ قاتتىق بېسىم ۋاستىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتقا قارشى تۇرۇش، قاتتىق بېسىم ئورگانلىرىنى مۇستەھكەملەش يەنى دولەت ماشىنى-سىنى مۇستەھكەملەش زورۇر بولىدۇ. ۋەقەلەرنىڭ بۇنداق بېرىشى ئىنقىلاپنى **«بارلىق بۇزغۇنچى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ»** دولەت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا، دولەت ماشىنىسىنى ياخشىلاش ئەمەس، بەلكى دولەت ماشىنىسىنى **بۇزۇش ۋە يوقىتىش** ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بۇ ۋەزىپە لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈنگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، 1848 — 1851 - يىللاردىكى جانلىق تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماركس يوقىتىش زورۇر بولغان بۇ دولەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا **قانداق نەرسىنى قويۇش** مەسىلىسىنى 1852 - يىلى تېخى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى، بۇنىڭدىن بىز ماركسىنىڭ

ئەمىلىي تارىخىي تەجرىبىلەرگە قانداق قاتتىق ئاساسلىنىدىغانلىقىنى كورۇۋالالايمىز. ئۇ چاغدا بۇ مەسىلىگە تەجرىبە تېخى ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەرمىگەن ئىدى، كېيىن 1871-يىلى تارىخ بۇ مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە قويدى. 1852-يىلى، تەبىى تارىخىي جەريانلارنى توغرا كۆزىتىشكە ئاساسەن، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ «بارلىق بۇزغۇنچى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ» دولەت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىگە يەنى دولەت ماشىنىسىنى «پاچاقلاپ تاشلاش» ۋەزىپىسىگە **يۈزلەنگەنلىكىنىلا** ھوكۈم قىلىش مۇمكىن ئىدى.

بۇ يەردە: ماركسىنىڭ تەجرىبىسىنى، كۆزىتىشىنى ۋە خۇلاسە- سىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ 1848–1851-يىللاردىكى 3 يىللىق تارىخىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەتبىقلاش توغرا بولارمۇ؟ دىگەن مەسىلە تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئېنگېلسىنىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سوزىنى ئەسلەپ ئوتىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەمىلىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىمىز.

ئېنگېلس «تۇمانلىق ئاينىڭ ئون سەككىزى»نىڭ 3-نەشرىگە يازغان سوز بېشىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: ...... «فرانسىيە شۇنداق بىر دولەتكى، ئۇ يەردە تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشلەر، باشقا دولەتلەردىكىگە قارىغاندا، ھەر قېتىم تېخىمۇ ئۈزۈل - كېسىل نەتىجە بىلەن ئاياقلاشتى. فرانسىيەدە، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدا، سىنىپىي كۈرەش نەتىجىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە تايىنىلغان، ئوزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسى شەكىللەر ئەڭ روشەن ئىپادىلەندى. فرانسىيە ئوتتۇرا ئەسىردە فېوداللىق تۈزۈمنىڭ مەركىزى ئىدى، ئەدىبىيات - سەنئەتنىڭ

گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ بىرلىككە كەلگەن تەبىقە پادىشا ـ لىق تۈزۈمىدىكى تىپىك دولەت بولۇپ قالدى، ئۇ زور ئىنقىلاپ مەزگىلىدە فېودال لىق تۈزۈمنى تارمار قىلىپ، ساپ بۇرژۇئا ھوكۇمرانلىغىنى ئورناتتى، بۇنداق ھوكۇمرانلىقنىڭ خاس تىپىكلىك ياۋروپادىكى باشقا ھېچقانداق دولەتتە بولۇپ باقمىغان. جاسارەت بىلەن ئورلەۋاتقان پۇرولېتارىياتنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغان بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۇرىشمۇ بۇ يەردە باشقا دولەتلەردە بولۇپ باقمىغان ئوتكۇر شەكىل بىلەن ئىپادىلەندى.» (1907 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بەت)

ئاخىرقى بىر جۇملە سوزنىڭ ۋاقتى ئوتتى، فرانسىيە پۇرولې-تارىياتىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۇرىشى 1871 ـ يىلدىن باشلاپ توختاپ قالدى، گەرچە بۇنداق توختاپ قېلىش (مەيلى ئۇ قانچە ئۇزاق داۋام قىلسۇن) كەلگۇسىدىكى پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىدا فرانسىيە-نىڭ سىنىپىي كۇرەشنى ئاخىرغىچە قەتئىي ئېلىپ بارىدىغان تىپىك دولەت بولۇشى مۇمكىنچىلىگىنى قىلچە چەتكە قاقمايدىغان بولسىمۇ.

ئەمدى بىز 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ھەرقايسى ئىلغار دولەتلەرنىڭ تارىخىنى يىغىنچاقلاپ كورۇپ چىقايلى. بىز بۇ يەردە تېخىمۇ ئاستا، تېخىمۇ خىلمۇ ـ خىل، دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇۋاتقان ئوخشاش بىر جەرياننى كورىمىز: بىر تەرەپتىن، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دولەتلەر (فرانسىيە، ئامېرىكا، شۋېيتسارىيە) ۋە پادىشالىق تۈزۈمدىكى دولەتلەر (ئەنگلىيە، مەلۇم دەرىجىدە گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە سكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى دولەتلەر)دە «يىخۇي ھاكىمىيتى» پەيدىن ـ پەي شەكىللىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلدارلىق

مەنسەپتىن ئىبارەت بۇنداق «ئولجا»نى بولۇشكەن ۋە قايتىدىن بولۇشكەن بۇرژۇئا پارتىيىلىرى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئا پارتىيىلىرى بۇرژۇئا تۈزۈمىنىڭ ئاساسى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ھاكىمىيەت تالىشىش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ، ئاخىردا، «مەمۇرى ھاكىمىيەت» ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق ئورگىنى بىلەن ھەربى ئورگىنى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىدۇ ھەم مۇستەھكەملىنىدۇ.

شۇبھىسىزكى، بۇ ـــ ئومۇمەن كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ ھازىرقى زاماندا پۈتكۈل تەدرىجى تەرەققى قىلىش جەريانىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيىتى. 1848 ـ يىلىدىن 1851 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە، فرانسىيە پۈتكۈل كاپىتالىزىم دۇنياسىغا خاس ئەنە شۇنداق تەرەققىيات جەريانىنى تېز، روشەن، مەركەزلىك ھالدا كورسەتتى.

بولۇپمۇ جاھانگىرلىك دەۋرى، بانكا كاپىتالى دەۋرى، چوڭ كاپىتالىستىك لۇڭدۇەن دەۋرى، لۇڭدۇەن كاپىتالىزىمنىڭ دولەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزىمغا ئايلىنىش دەۋرى ئېنىق كورسەتتىكى، مەيلى پادىشالىق تۈزۈمىدىكى دولەتلەردە بولسۇن، ياكى ئەڭ ئەركىن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دولەتلەردە بولسۇن، پرولېتارىياتقا قارشى باستۇرۇشنى كۈچەيتىش زورۇرىيىتى سەۋەبىدىن، «دولەت ماشىنىسى» مىسلىسىز كۈچىيىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق ئورگىنى ۋە ھەربى ئورگىنىمۇ كىشىنى چوچۇتىدىغان دەرىجىدە كېڭىيىدۇ.

ھازىر، پۈتۈن دۇنيا تارىخى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنى 1852 ـ يىلغا قارىغاندا چەكسىز كەڭ دائىرىدە «بارلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ» دولەت ماشىنىسىنى «بۇزۇش»قا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدا شەك يوق.

پرولېتارىيات بۇ دولەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا نىمىنى

قويىدىغانلىقىغا كەلسەك، پارىژ كوممۇنىسى بۇ نۇقتىدا ئىنتايىن مەنپەئەت بېرىدىغان ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەردى.

## 3. 1852 ـ يىلى مەسىلىنىڭ ماركس تەرىپىدىن قويۇلۇشى①

مېرىڭ 1907 ـ يىلى ماركسنىڭ 1852 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋېيدېمېيېرغا يازغان خېتىنى قىسقارتىپ «يېڭى دەۋر»گە 11 (25 ـ يىل توپلىمى، 2 ـ توم، 164 ـ بەت) باستى. بۇ خەتتە مۇنداق بىر ئابزاس ناھايىتى ئېسىل بايان بار:

«ئەمدى ماڭا كەلسەك، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تېپىش بولسۇن، ياكى ھەرقايسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا كۈرەشنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تېپىش بولسۇن، بۇلار مېنىڭ كورسەتكەن خىزمىتىم ئەمەس. مېنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا، بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى بايان قىلىپ ئوتكەن ئىدى، بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسلىرىمۇ ھەرقايسى سىنىپلار توغرىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزگەن ئىدى. مېنىڭ يېڭى توھپەم تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىمدە: (1) سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم تارىخىي باسقۇچى (historische Entwicklungsphasen der Produktion) بىلەن باغلانغان بولىدۇ؛ (2) سىنىپىي كۈرەش مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ئېلىپ بارىدۇ؛ (3) بۇ دىكتاتۇرا

① 2 ـ نەشرىدە قوشۇلغان بىر بولۇم.

بارلىق سىنىپلارنى يوقىتىشتىكى ۋە سىنىپسىز جەمئىيەتكە كۆچۈشتىكى ئۆتكۈنچ دەۋردىنلا ئىبارەت......12

بۇ بىر ئابزاستا ماركس ئىككى نۇقتىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: بىرىنچىسى — ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ ئەڭ مەلۇماتلىق بۇرژۇئا ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتى بىلەن بولغان ئاساسىي ۋە تۈپ پەرقى؛ ئىككىنچىسى — ئۇنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ ماھىيىتى.

ماركس تەلىماتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى سىنىپىي كۈرەش. كىشىلەر ئادەتتە ئەنە شۇنداق دېيىشىدۇ ۋە شۇنداق يېزىشىدۇ. لېكىن بۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق ناتوغرا قاراشقا ئاساسلىنىپ، ماركسىزمنى كۆپىنچە جىخۇيجۇيىلىق بىلەن بۇرمىلاپ، ئۇنى بۇرژۇئازىيە قوبۇل قىلالايدىغان نەرسىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. چۈنكى سىنىپىي كۈرەش تەلىماتىنى ماركس **ئەمەس**، **بەلكى** ماركستىن **بۇرۇن** بۇرژۇئازىيە ياراتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيە **قوبۇل قىلالايدۇ. پەقەت** سىنىپىي كۈرەشنىلا ئېتىراپ قىلغان كىشى تېخى ماركسىزمچى ھېسابلانمايدۇ، ئۇ تېخى بۇرژۇئا ئىدىيىسى ۋە بۇرژۇئا سىياسىسى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ماركسىزمنى سىنىپىي كۈرەش تەلىماتى بىلەن چەكلەش ماركسىزمنى بولۇپ تاشلاپ ۋە بۇرمىلاپ، ماركسىزمنى بۇرژۇئازىيە قوبۇل قىلالايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق بولىدۇ. سىنىپىي كۈرەشنى ئېتىراپ قىلغان، **شۇنىڭ بىلەن بىللە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىمۇ** ئېتىراپ قىلغان كىشىلا ماركسىزمچى ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزمچىلار بىلەن چاكىنا ئۇششاق بۇرژۇئازلار (ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار) ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ

پەرق مانا مۇشۇ يەردە. ماركسىزمنى **ھەقىقى** چۈشەنگەن ـ چۈشەنمىگەنلىكنى ۋە ئېتىراپ قىلغان ـ قىلمىغانلىقنى مۇشۇ سىناق تېشى بىلەن ئۆلچەش لازىم. ياۋروپانىڭ تارىخى **ئەمەلىيەت جەھەتتە** ئىشچىلار سىنىپى ئالدىغا بۇ مەسىلىنى قويغان چاغدا، بارلىق جىخۇيجۇيىچىلار ۋە گەيلياڭجۇيىچىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارلىق «كائۇتسكىزمچىلار» (گەيلياڭجۇيى بىلەن ماركسىزم ئوتتۇرى-سىدا تەۋرىنىپ تۇرغان كىشىلەر) نىڭمۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرى-سىنى **ئىنكار قىلىدىغان** بىچارە چاكىنىلارغا ۋە ئوششاق بۇرژۇئا دېموكراتىلىرىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. كائۇتسكىنىڭ 1918 ـ يىل 8 ـ ئايدا يەنى مۇشۇ كىتابنىڭ بىرىنچى نەشرى تارقىتىلىپ خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى» دېگەن كىتابچىسى ماركسىزمنى مىشچانلارنىڭ نۇقتىسىنەزىرى بىلەن بۇرمىلاشنىڭ، **ئېغىزدا** ماركسىزمنى يالغان ئېتىراپ قىلىپ، **ئەمەلىيەتتە** ئۇنىڭغا رەزىللىك بىلەن ئاسىيلىق قىلىشنىڭ تىپى (مېنىڭ «پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە خائىن كائۇتسكى» دېگەن كىتابىمنىڭ 1918 ـ يىل پېتروگراد ۋە موسكۋا نەشرلىرىگە قارالسۇن).

ئىلگىرىكى ماركسىزمچى كائۇتسكىنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان ھازىرقى زامان جىخۇيجۇيىسى ماركس يۇقۇرىدا باھا بېرىپ ئۆتكەن **بۇرژۇئا** مەيدانىغا پۈتۈنلەي پېتىپ قالدى، چۈنكى بۇ جىخۇيجۇيى سىنىپىي كۈرەشنى ئېتىراپ قىلىش دائىرىسىنى بۇرژۇئا مۇناسىۋەت-لىرى ساھەسىدە چەكلەپ قويىدۇ. (ھەرقانداق بىر بىلىملىك زىيۇ-جۇيىچى بۇ ساھە، بۇ دائىرە ئىچىدە «پرىنسىپ جەھەتتىن» سىنىپىي كۈرەشنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلمايدۇ!) جىخۇيجۇيى دەل

ئەڭ ئاساسي نۇقتىدا، سىنىپي كۈرەشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ **قىلمايدۇ**، يەنى كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا **ئۆتۈش** دەۋرىدە، بۇرژۇئازىيە **ئاغدۇرۇلغان** ۋە بۇرژۇئازىيە تامامەن **يوقىتىلغان** دەۋردە سىنىپي كۈرەشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ **قىلمايدۇ**. ئەمەلىيەتتە، بۇ دەۋر — مۇقەررەر ھالدا سىنىپي كۈرەش مىسلىسىز دەھشەتلىك، سىنىپي كۈرەش شەكلى مىسلىسىز ئۆتكۈر بولىدىغان دەۋر، شۇڭلاشقا بۇ دەۋردىكى دولەت مۇقەررەر ھالدا **يېڭىچە** دېموكراتىك (پرولېتارلار ۋە ئومۇمى نامراتلار ئۈچۈن دېموكراتىيە) دولەت ۋە **يېڭىچە** دىكتاتۇرا (بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن دىكتاتۇرا) دولىتى بولۇشى لازىم.

بۇنىڭدىن قالسا، **بىر** سىنىپ دىكتاتۇرىسى ئومۇمەن سىنىپي جەمىيەت ئۈچۈنلا، بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرغان **پرولېتارىيات** ئۈچۈنلا زورۇر بولۇپ قالماي، بەلكى كاپىتالىزىم بىلەن «سىنىپسىز جەمىيەت» يەنى كوممۇنىزىم ئارىلىقىدىكى پۈتكۈل بىر **تارىخي دەۋر** ئۈچۈنمۇ زورۇر، مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن كىشىلا ماركسىنىڭ دولەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ. بۇرژۇئا دولەتلىرىنىڭ شەكىللىرى گەرچە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ماھىيىتى بىر: بۇ دولەتلەرنىڭ ھەممىسى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا چوقۇم **بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى**. كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈشتە، ئەلۋەتتە، ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ سىياسى شەكىللەر پەيدا بولماي قالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى جەزمەن بىر، ئۇ بولسىمۇ **پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى**.

# ئۈچىنچى باپ

# دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ
# 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىسى
# ماركسنىڭ تەھلىلى

## 1. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سىناقتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى نەدە؟

ھەممىگە مەلۇمكى، پارىژ كوممۇنىسى دۇنياغا كېلىشتىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن يەنى 1870-يىلى كۈزدە، ماركس پارىژ ئىشچىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىر خىل قارىسىغا قىلىنىدىغان ئاخمىقانە ھەرىكەت، دېگەن ئىدى. لېكىن، 1871-يىل 3-ئايدا، ئىشچىلار ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا **مەجبۇر** بولغان، قوزغىلاڭ رىياللىققا ئايلانغان چاغدا، ئەينى ۋاقىتتا تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەر ئالامىتى تۇرغان بولسىمۇ، ماركس يەنىلا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنى ئىنتايىن خوشاللىق بىلەن كۈتۈۋالغان ئىدى. ماركس، خۇددى روسىيىدىكى ماركسىزىمنىڭ خائىنى، سېسىق نامى پۇر كەتكەن پلېخانوپقا ئوخشاش، «ۋاقىتسىز» ھەرىكەتنى قىرائەتخانىچە سۆزلەر بىلەن ئەيىپلىمىدى، پلېخانوپ 1905-يىل 11-ئايدا ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ بەزى ماقالىلارنى يازغان ئىدى،

1905 ـ يىل 12 ـ ئايدىن كېيىن بولسا «ئەسلىدە قورال ئېلىش ھاجەتسىز ئىدى» دەپ زىيوجويىلىق مۇقامدا جار سالدى.

لېكىن، ماركس گوگىشىپ ئەزالىرى، خۇددى ئۇ ئوزى ئېيتقاندەك، «پەلەككە يەتكەن» قەھرىمانلىق كورسەتكەنلىكى ئۇچۇنلا خوشال بولۇپ قالمىدى. گەرچە بۇ قېتىمقى ئاممۋى خاراكتىرلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەت مەقسىدىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ماركس بۇ قېتىمقى ھەركەتتە ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي تەجرىبىنى كوردى، پۇتۇن دۇنيا پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئالغا باسقانلىقىنى كوردى، بىرقانچە يۇز خىل گاگىلىك ۋە مۇلاھىزىدىن تېخىمۇ موھىم بولغان ئەمىلىي قەدەم ـ باسقۇچنى كوردى. بۇ تەجرىبىنى تەھلىل قىلىش، بۇ تەجرىبىدىن سېلىۋېلىك ساۋاقلارنى ئېلىش، بۇ تەجرىبىگە ئاساسەن ئوز نەزىرىـ يىسىنى يېڭىۋاشتىن تەكشۇرۇپ چىقىش ـــ مانا بۇ، ماركس ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپە.

ماركس «گوگچەنداڭ خىتاپنامىسى»گە كىرگۇزۇلۇشى زورۇر دەپ قارىغان بىردىن ـ بىر «توزىتىش»نى دەل پارىژ گوگىشىسى ئەزالىرىـ نىڭ ئىنقىلاۋىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن كىرگۇزگەن.

«گوگچەنداڭ خىتاپنامىسى»نىڭ نېمىسچە يېڭى نەشرىدىكى ئىككى ئاپتور ئىمزا قويغان ئەڭ ئاخىرقى سوز بېشى 1872 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى يېزىلغان. بۇ سوز بېشىدا ئاپتور كارل ماركس بىلەن فرىدرىخ ئېنگېلس «گوگچەنداڭ خىتاپنامىسى» دىن ئىبارەت بۇ گاگىلىگنىڭ «ھازىر بەزى جايلىرىنىڭ ۋاقتى ئوتۇپ كەتتى» دىگەن.

**ئارقىدىنلا ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:...... «بولۇپمۇ گوگىشىپ**

**ئىسپاتلىدىكى، "ئىشچىلار سىنىپى تەييار دۆلەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالىدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيدۇ"»......[13]**

بۇ نەقىلدىكى قوش پەشنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان سۆزنى بۇ ئىككى ئاپتور ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دىگەن كىتاۋىدىن ئالغان.

قىسقىسى، ماركس بىلەن ئېنگېلس پارىژ كوممۇنىسىنىڭ بۇ تۈپ ۋە ئاساسىي ساۋىقىنى ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇنى موھىم تۈزىتىش سۈپىتىدە «كوممۇنىستلار خىتاپنامىسى»گە كىرگۈزدى.

ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دەل ئەنە شۇ موھىم تۈزىتىش جىنخۇيجۇيىچىلار تەرىپىدىن بۇرمىلاندى. «كوممۇنىستلار خىتاپنامىسى»نىڭ كىتاپخانىلىرىنىڭ تەخمىنەن ئوندىن توققۇزى ھەتتا يۈزدىن توقسان توققۇزى بۇ تۈزىتىشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسە كېرەك. بىز تۆۋەندە بۇرمىلاش ئۈستىدە مەخسۇس توختالغان بابتا بۇنداق بۇرمىلاشنى يەنە تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. ھازىر شۇنىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىز نەقىل كەلتۈرگەن ماركسنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزىگە قارىتا، ماركس بۇ يەردە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلماي، ئاستا راۋاجلىنىش ئىدىيىسىنى تەكىتلىگەن ۋاھاكازالار، دەپ قارايدىغان بىر خىل چاكىنا «چۈشەنچە» تارقىلىپ يۈرمەكتە.

ئەمىلىيەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. ماركسنىڭ ئېيتىۋاتقىنى شۇكى، ئىشچىلار سىنىپى «تەييار دۆلەت ماشىنىسى»نى ئاددى ھالدىلا تارتىۋالماستىن، بەلكى بۇ ماشىنىنى **پاچاقلاپ تاشلىشى**

ۋە **ۋەيران قىلىشى** كېرەك.

1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دەل پارىژ كوممۇنىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدا، ماركس كۇگېلمانغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ:

......«ئەگەر سەن مېنىڭ "لۇئى بوناپارتنىڭ برۇمېر ئون سەككىزى" دېگەن كىتابىمنىڭ ئاخىرقى بىر بابىنى ئوقۇپ باقساڭ، مېنىڭ مۇنداق دەپ ھېساپلايدىغانلىغىمنى كورىسەن: فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق سىنىغى يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش كوەنلىياۋلىق ھەربى ماشىنىسىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىدىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىغا ئوتىۋشى بولماستىن، بەلكى ئۇنى **ۋەيران قىلىدىغان** بولۇشى كېرەك»، (تەكىتلەش بەلگىسىنى ماركس قويغان؛ ئەسلىسى — Zerbrechen) «مانا بۇ — قۇرۇقلۇقتىكى ھەرقانداق بىر ھەقىقى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىزنىڭ پارىژلىق باتۇر يولداشلىرىمىزنىڭ سىنىغىمۇ دەل شۇنداق بولدى» (1901 — 1902 ـ يىللار، «يېڭى دەۋر»نىڭ 20 ـ يىل توپلىمى، 1 ـ توم، 709 ـ بەت)[14]. (ماركسنىڭ «كۇگېلمانغا يازغان خەتلەر توپلىمى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاز دېگەندە 2 خىل رۇسچە نۇسخىسى بار، بۇنىڭ بىرىنى مەن سېلىشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا سوز بېشى يازغان.①)

«كوەنلىياۋلىق ھەربى دولەت ماشىنىسىنى ۋەيران قىلىش» دېگەن بۇ سوزلەر ماركسىزىمنىڭ ئىنقىلاپتا پرولېتارىياتنىڭ دولەتكە

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ توم، 96 — 105 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

نىسبەتەن ۋەزىپىسى مەسىلىسى توغرىسىدا بەرگەن ئاساسىي ساۋاق-لىرىنى ئىنچىكە ھالدا كورسىتىپ بەردى. ۋاھالەنكى، دەل بۇ ساۋاق ھازىرقى ۋاقىتتا ماركسىزىم ھەققىدە كەڭ تارقالغان كائۇتسكىزىملىق «چۈشەندۈرۈش»لەردە پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىلىپلا قالماي، بەلكى ئاشكارا بۇرمىلىنىۋاتىدۇ!

ماركس «تۇمانلىق ئاينىڭ ئون سەككىزى» دىگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان مۇناسىۋەتلىك جايلارغا كەلسەك، ئۇلارنى يۇقۇرىدا تولۇق نەقىل كەلتۈردۇق.

يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماركسنىڭ باياندا ئالاھىدە كورسىتىپ ئوتتۇشكە ئەرزىيدىغان ئىككى جاي بار. بىرىنچىسى، ئۇ ئوز خۇلاسىسىنى قۇرۇقلۇق بىلەنلا چەكلەيدۇ. بۇ 1871 ـ يىلدا چۈشىنىشلىك ئىدى، ئۇ چاغدا ئەنگلىيە يەنىلا ساپ كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ تىپى بولۇپ، جۇنفالىق تۈزۈم تىخى يوق ئىدى، گۇەنلىياۋلىق تۈزۈممۇ خىلى دەرىجىدە يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ماركس ئەنگلىيىنى ھىساپقا ئالمىغان، چۈنكى شۇ چاغدا ئەنگلىيىدە ئىنقىلاپنىڭ ھەتتا خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ «تەييار دولەت ماشىنىسى»نى بۇزۇپ تاشلاشنى ئالدىنقى شەرت **قىلماسلىق** ئىمكانىيىتى بارلىغى پەرەز قىلىنغان، بەلكى شۇنداق ئىمكانىيەت بار ئىدى.

ھازىر 1917 ـ يىلغا كەلگەندە، بىرىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى دەۋرىدە، ماركسنىڭ بۇنداق چەكلىمىلىك قارىشى مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئانگلو ـ ساكسون «ئەركىنلىك تۈزۈمى»نىڭ (جۇنفالىق تۈزۈم ۋە گۇەنلىياۋلىق تۈزۈم بولمىغانلىغىدىن ئىبارەت مەنىدىن ئېيتقاندا) بۇ ئىككى ۋەكىلى

گۇەنلياۋلىق ھەربى ئورگان ئارقىلىق ھەممىنى ئىدارە قىلىدىغان، ھەممىنى باستۇرىدىغان، ئومۇمەن ياۋروپاچە بولغان ئىپلاس، قانلىق پاتقاقتا پۈتۈنلەي دومىلاپ چۈشتى. ھازىر، مەيلى ئەنگلىيىدە ياكى ئامېرىكىدا بولسۇن، «تەييار» (1914 ــ 1917 ـ يىللار ئارىلىقىدا بۇ ئىككى دولەت «ياۋروپاچە» دەرىجىگە، ئومۇمەن جاھانگىرلىكنىڭ مۇكەممەللىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن) «دولەت ماشىنىسى»نى **ۋەيران قىلىش، بۇزۇپ تاشلاش** «ھەرقانداق بىر ھەقىقى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنىشى كېرەك».

ئىككىنچىسى، ماركسنىڭ گۇەنلياۋلىق ھەربى دولەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاش «ھەرقانداق بىر ھەقىقى **خەلق** ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىنقى شەرتى» دىگەن بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشەنچىسى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «خەلق» ئىنقىلاۋى دىگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ماركس تەرىپىدىن ئېيتىلىشى ناھايىتى غەلىتىدەك تۇيۇلىدۇ، روسىيىدىكى پىلىخانوپچىلار بىلەن مىنشىۋىكلار، ئۆزىنى ماركسىزىمچى دەپ ئاتىۋالغان سترۇۋىنىڭ بۇ مۇرىتلىرى ماركسنىڭ بۇ سوزىنى «بايىقماي دەپ قويغان گەپ» دىيىشلىرى مۇمكىن. ئۇلار ماركسىزىمنى ئىنتايىن نامرات زىيۇجۇيى قىلىپ بۇرمىلايدۇكى، ئۇلار، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بىلەن پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق، دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بۇنداق قارىمۇ ـ قارشىلىققا بولغان چۈشەنچىسىمۇ ئىنتايىن قېتىپ قالغان.

مىسال ئۈچۈن 20 ـ ئەسىردىكى ئىنقىلاپلارنى ئالساق، ئۇ ھالدا مەيلى پورتوگالىيە ئىنقىلاۋىنى ياكى تۈركىيە ئىنقىلاۋىنى بولسۇن، ئەلۋەتتە ھەممىسىنى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەپ ھېساپلاشقا توغرا

كېلىدۇ. لېكىن مەيلى ئالدىنقىسى ياكى كېيىنكىسى بولسۇن، ھېچقايسىسى «خەلق» ئىنقىلاۋى ئەمەس، چۈنكى خەلق ئاممىسى، زور كوپچىلىك خەلق بۇ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاپتا، روشەنكى، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەلىۋى ۋە سىياسى تەلىۋى ئۈچۈن ئاكتىپ، مۇستەقىل كۈرەش ئېلىپ بارمىدى. ئەكسىچە، 1905 — 1907 ـ يىللاردىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى، گەرچە پورتوگالىيە ئىنقىلاۋى ۋە تۈركىيە ئىنقىلاۋى بەزى ۋاقىتلاردا ئېرىشكەندەك «شانلىق» مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۈبھىسىزكى، ئۇ بىر قېتىملىق «ھەقىقى خەلق» ئىنقىلاۋى بولدى، چۈنكى خەلق ئاممىسى، زور كوپچىلىك خەلق، زۇلۇمغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان جەمىيەتنىڭ ئەڭ «تۆۋەن قاتلام» ئۆزلىرى قوزغىلىپ، پۈتكۈل ئىنقىلاپ جەريانىغا ئۆزلىرىنىڭ تامغىسىنى باستى: **ئۆزلىرىنىڭ** تەلىۋىنى قويدى، ئۆز ئۇسۇلى بويىچە يېڭى جەمىيەت قۇرۇپ، ئۇنى بۇزۇپ تاشلىنىۋاتقان كونا جەمىيەتنىڭ ئورنىغا قويۇش يولىدا **ئۆز** سىناقلىرىنى ئېلىپ باردى.

1871 ـ يىلى، ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى ھېچقانداق بىر مەملىكەت پرولېتارىياتى خەلقنىڭ كوپچىلىكىنى تەشكىل قىلمايتتى. ئۇ چاغدا، پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلاپلا ھەقىقى كوپچىلىكنى ھەركەتكە تارتقان «خەلق» ئىنقىلاۋى بولالايتتى. ئۇ ۋاقىتتىكى «خەلق» ئەنە شۇ ئىككى سىنىپتىن تەركىپ تاپقان. بۇ ئىككىلا سىنىپ «گۇمەنلىياۋلىق ھەربى دولەت ماشىنىسى»نىڭ زۇلمىغا، خانىۋەيران قىلىشىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغانلىغى ئۈچۈن بىرلەشكەن. بۇ ماشىنىنى **پاچاقلاپ تاشلاش**، بۇ ماشىنىنى **ۋەيران قىلىش** — مانا بۇ، «خەلق»نىڭ،

خەلقىنىڭ كوپچىلىگىنىڭ يەنى ئىشچىلار بىلەن زور كوپچىلىك دىخانلارنىڭ ھەقىقى مەنپەئەتى، نامرات دىخانلار بىلەن پرولېتارلارنىڭ ئەركىن ئىتتىپاقىنىڭ «ئالدىنقى شەرتى»، بۇ ئىتتىپاق بولمايدىكەن، دېموكراتىيە مۇستەھكەم بولمايدۇ، سوتسيالىستىك ئوزگەرتىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

كوپچىلىككە مەلۇم، پارىژ كوممۇنىسى ئوزى ئۇچۇن بۇ ئىتتىپاقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى ئاچقان ئىدى، لېكىن، نۇرغۇن ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپلەر نەتىجىسىدە مەقسىدىگە يېتەلمىدى.

شۇنىڭ ئۇچۇن ماركس «ھەقىقى خەلق ئىنقىلاۋى» ئۇستىدە توختالغىنىدا، 1871 - يىلى ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى كوپچىلىك مەملىكەتلەردىكى سىنىپلارنىڭ ئەمەلىي سېلىشتۇرما مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنتايىن جىددى ھېساپقا ئالغان، دەرۋەقە، ئۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ قىلچە ئەستىن چىقارمىغان (بۇ خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا ئۇ ناھايىتى كوپ سوزلىگەن ۋە دائىم سوزلەپ كەلگەن). يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ شۇنىمۇ كورسەتتىكى، دولەت ماشىنىسىنى «پاچاقلاپ تاشلاش» ئىشچىلار بىلەن دىخانلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تەلىۋى، بۇ تەلەپ ئۇلارنى بىرلەشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا «تەييارتاپ»نى يوقىتىش، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خىل يېڭى نەرسىنى قويۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ۋەزىپىنى قويىدۇ.

زادى قانداق نەرسىنى قويۇش كېرەك؟

## 2. پاچاقلاپ تاشلانغان دولەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا قانداق نەرسىنى قويۇش كېرەك؟

1847 - يىلى ماركس «كوممۇنىستلار خىتاپنامىسى»دە بۇ مەسىلىگە

تېخى ئىنتايىن چۈشياك جاۋاپ بەرگەن، تېخمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ۋەزىپىنىلا كورسەتكەن، ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنىڭ ئۇسۇلىنى بولسا ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئۇنىڭ ئورنىغا «پرولېتارىيات هوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشۇش»نى، «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۇرۇش»نى قويۇش — مانا بۇ، «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى»نىڭ جاۋاۋى.

پرولېتارىيات هوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشۇشتا قانداق كونكرېت شەكىللەرنى قوللىنىدۇ، زادى قانداق قىلغاندا، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۇزۇل-كېسىل هالدا «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۇرۇش»كە ئۇيغۇن بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ، دىگەن مەسىلە توغرىسىدا ماركس خام خىيالغا پېتىپ قالمىدى، بەلكى ئاممىۋى هەركەتنىڭ **تەجرىبىسى** ئارقىلىق جاۋاپ بېرىشنى كۇتتى.

ماركس «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دىگەن كىتاۋىدا كوممۇنانىڭ تەجرىبىسىنى (تەجرىبىسى ناهايىتى ئاز بولسىمۇ) ئىنتايىن تەپسىلى تەھلىل قىلغان. ئەمدى بىز بۇ كىتاپتىكى ئەڭ موهىم جايلارنى نەقىل كەلتۇرۇپ ئوتىمىز:

ئوتتۇرا ئەسىردە كېلىپ چىققان «هوقۇق جۇغلانغان مەركەزلەشتۇرۇلگەن دولەت هاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى ئورگانلىرى — دائىمى ئارمىيىلىرى، ساقچىلىرى، گۇەنلياۋلىرى، راهىپلىرى ۋە فاگۇەنلىرى» 19-ئەسىردە تەرەققى قىلدى. كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپى دۇشمەنلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، «دولەت هاكىمىيىتىمۇ بارغانسىرى ئەمگەكنى ئېزىدىغان ئىجتىمائى هاكىمىيەت خاراكتىرىنى، سىنىپى هوكۇمرانلىق ماشىنىسى خاراكتىرىنى ئالدى. سىنىپى

كۆرەشنىڭ مۇئەييەن ئىلگىرىلىشىنى كۆرسىتىۋاتقان ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپتىن كېيىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ساپ ئەزگۈچىلىك خاراكتېرى بارغانسېرى ئاشكارىلىنىپ چىقتى».

1848 ــ 1849 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن دۆلەت ھاكىمىيىتى «كاپىتالنىڭ ئەمگەككە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىق قورالى» بولۇپ قالدى. ئىككىنچى دىگو بۇنداق ئەھۋالنى مۇقىملاشتۇردى.

«گۈڭشې دىگوغا توغرىدىن ـ توغرا قارىمۇ ـ قارشى نەرسە». «گۈڭشې» «سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ پادىشالىق تۈزۈم شەكلىنىلا يوقىتىشى زورۇر بولۇپ قالماي، بەلكى سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ ئۆزىنىمۇ يوقىتىشى زورۇر بولغان» «دەل شۇنداق جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئەييەن شەكلى»......

پۈرولېتارىيات سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇنداق «مۇئەييەن» شەكلى قانداق شەكىل ئىدى؟ گۈڭشېنىڭ قۇرۇشقا كىرىشكەن دۆلىتى قانداق دۆلەت ئىدى؟

...... «گۈڭشېنىڭ بىرىنچى پەرمانى دائىمى ئارمىيىنى بىكار قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قوراللانغان خەلقنى قويۇش»......

ھازىر ئۆزلىرىنى سوتسىيالىستىك پارتىيە دەپ ئاتىۋالغان ھەممە پارتىيىلەرنىڭ گاڭلىڭىدا بۇ تەلەپ بار. لېكىن ئۇلارنىڭ گاڭلىڭى-نىڭ زادى نىمە قىممىتى بارلىقى مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بىلەن مىنشىۋىكلارنىڭ ھەركىتىدىن ناھايىتى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار دەل 27 ـ فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى رەت قىلدى!

......«گۇڭشې پارتىيىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئومۇمى
سايلام ئارقىلىق سايلىنىپ چىققان شەھەر ۋەكىللىرىدىن تەركىپ
تاپقان. بۇ ۋەكىللەر سايلىغۇچىلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ،
ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور
كوپچىلىگى، تەبىئىكى، ئىشچىلار، ياكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىرى»......

......«ئەزەلدىن دولەت ھوكۇمىتىنىڭ قورالى بولۇپ
كەلگەن ساقچى بارلىق سىياسى جۇنبىشدىن دەرھال مەھرۇم
قىلىنىپ، گۇڭشىنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا
بولىدىغان جاۋابكار ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇلدى...... باشقا
مەمۇرى ئورۇنلاردىكى ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق قىلىندى......
گۇڭشې ۋېيىۋەنلىرىدىن تارتىپ، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە
بولغان ھوكۇمەت خادىملىرىنىڭ ھەممىسى **ئىشچىلارنىڭ ئىش
ھەققىغە** باراۋەر كېلىدىغان مۇئاشىنىلا ئېلىشقا تېگىشلىك
بولدى. دولەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى
بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ئىمتىيازلار ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان
ئىش خىراجىتى شۇ ئەمەلدارلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە
يوقالدى...... گۇڭشې كونا ھوكۇمەتنىڭ دائىمى ئارمىيىسى ۋە
ساقچىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ماددى ھاكىمىيەت قورالىنى
بىكار قىلغاندىن كېيىن، دەرھال مەنىۋى زۇلۇم قورالىنى يەنى
راھىبلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ۋەيران قىلىشقا كىرىشتى......
فاگۇەنلەر ئوزلىرىنىڭ كورۇنۇشتىكى مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم
بولدى...... ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ئاشكارا سايلىنىشى،
سايلىغۇچىلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى ۋە ئالماشتۇرۇپ

تۇرۇلۇشى لازىم بولۇپ قالدى»......15

بۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدۇكى، گۇگشې پاچاقلانغان دولەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا «پەقەت» تېخىمۇ تولۇق دېگۇدەك دېموكراتىيىنى قويدى: دائىمى ئارمىيە بىكار قىلىندى، بارلىق هوكۇمەت خادىملىرىغا نىسبەتەن ئومۇمىيۇزلۇك سايلام تۇزۇمى ۋە ئالماشتۇرۇش تۇزۇمى يولغا قويۇلدى. لېكىن «پەقەت» دېگەن بۇ سوز، ئەمەلىيەتتە، بىر قېتىملىق چوڭ ئالمىشىشتىن يەنى بەزى ئورگانلارنىڭ ئورنىغا تۇپتىن ئوخشاش بولمىغان ئورگانلارنى قويۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەردە دەل «سانىنىڭ سۇپەتكە ئايلىنىشى»دىن ئىبارەت بىر ئەمەلىي مىسالنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، ئومۇمەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان ئىنتايىن تولۇق، ئىنتايىن ئۇزۇل - كېسىل يولغا قويۇلغان دېموكراتىيە بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىدىن پرولېتارىيات دېموكراتىيىسىگە ئايلانغان، يەنى دولەتتىن (=مەلۇم سىنىپنى باستۇرىدىغان ئالاھىدە كۇچتىن) ئەسلىدىكى دولەت بولمىغان بىر خىل نەرسىگە ئايلانغان.

بۇرژۇئازىيىنى ۋە ئۇنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش يەنىلا زورۇر. گۇگشې ئۇچۇن بۇ بولۇپمۇ زورۇر ئىدى، گۇگشېنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەپلەردىن بىرى ــ ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتە ئانچە قەتئىي بولمىغانلىقى. لېكىن بۇ يەردىكى باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئورگان ئاھالىنىڭ ئازچىلىقى ئەمەس، بەلكى ئاھالىنىڭ كوپچىلىكى بولۇپ قالدى، بۇ ــ ئوتمۇشتىكى قۇللۇق تۇزۇم، نۇكەرلۇق تۇزۇم، ياللانما قۇللۇق تۇزۇم دەۋرلىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تامامەن ئەكسى. خەلقنىڭ زور كوپچىلىكى ئوزىنى ئەزگەنلەرنى **ئوزى** باستۇرىدىكەن، ئۇ هالدا، باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان «ئالاھىدە

كۇچ»نىڭمۇ **ھاجىتى قالمايدۇ**! مۇنۇ مەنىدىن ئالغاندا، دۆلەت **ھالاك بولۇشقا باشلايدۇ**. خەلقنىڭ كۆپچىلىكى ئىمتىيازلىق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن ئازچىلىق كىشىلەرنىڭ ئەشۇ ئالاھىدە ئورگانلىرى (ئىمتىيازلىق ئەمەلدارلار، دائىمى ئارمىيىنىڭ جاڭگۇەنلىرى)نى كېرەك قىلماي، بۇ خىزمەتلەرنى ئۆزلىرى بىۋاستە ئىشلەيدۇ، دۆلەت ھاكىمىيىتى جىرنىيىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى قانچە ئومۇمخەلقلەشسە بۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىمۇ شۇنچە ھاجەتسىز بولۇپ قالىدۇ.

بۇ جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ماركس نۇقتىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن، گۇڭشې قوللانغان تەدبىرلەر: ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان بارلىق ئىش خىراجەتلىرىنى ۋە بارلىق پۇل ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دۆلەتنىڭ **بارلىق** ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ مۇئاشىنى «**ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى**» سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈش. بۇ يەردە دەل بىر خىل **بۇرۇلۇش**: بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىدىن پرولېتارىيات دېموكراتىيىسىگە بۇرۇلۇش، ئەزگۈچىلەر دېموكراتىيىسىدىن ئېزىلگۈچىلەر سىنىپى دېموكراتىيىسىگە بۇرۇلۇش، مەلۇم سىنىپنى باستۇرىدىغان دۆلەتتىن ئىبارەت «**ئالاھىدە كۈچ**»تىن خەلقنىڭ كۆپچىلىكى — ئىشچىلار ۋە دېخانلارنىڭ **ئورتاق كۈچى** ئارقىلىق ئەزگۈچىلەرنى باستۇرۇشقا بۇرۇلۇش ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ ئالاھىدە روشەن نۇقتىدا بەلكى دۆلەت مەسىلىسىدىكى ئەڭ موھىم نۇقتىدا كىشىلەر ماركسنىڭ نەسىھەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى! ئاممىباپ چۈشەندۈرۈشلەردە (بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر سان - ساناقسىز) بۇ نۇقتا تىلغا ئېلىنمايدۇ. خۇددى خىرىستىيانلارنىڭ خىرىستىيان

دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيە روھىغا ئىگە باشلانغۇچ خىرىستىيان دىنىنى «گۇدەك نەرسە» دەپ قاراپ ئۇنى «ئەستىن چىقىرىپ قويغان»لىغىغا ئوخشاش، بۇ نۇقتا ۋاقتى ئۆتكەن «گۇدەك نەرسە» دەپ قارىلىپ «ئوخشاشلا» تىلغا ئېلىنمىدى.

دۆلەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇئاشىنى چۈشۈرۈش گۇدەك، ئىپتىدائىي دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ تەلىۋىدىن «باشقا نەرسە ئەمەس»تەك كۆرۈندۇ. ھازىرقى زامان جىنخۇيجۇيە-سىنىڭ «ئاساسچىلىرى»دىن بىرى، ئىلگىرىكى سوتسىيال دېموكرات ئە. بېرنشتېين بۇرژۇئازىيىنىڭ «ئىپتىدائىي» دېموكراتىك تۈزۈمنى مەسخىرە قىلىشتەك چاكىنا قىلىقلىرىنى كۆپ قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ بارلىق جىنخۇيجۇيىچىلار ۋە ھازىرقى كائۇتسكىزىمچىلارغا ئوخشاشلا مۇنۇلارنى تامامەن چۈشەنمەيدۇ: بىرىنچى، ئەگەر «ئىپتىدائىي» دېموكراتىك تۈزۈمنى مەلۇم دەرىجىدە «ئەسلىگە كەلتۈرۈش» بولمايدىكەن، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش **مۇمكىن ئەمەس** (بۇنداق قىلماي تۇرۇپ، زور كۆپچىلىك خەلق ۋە ئومۇمخەلقنىڭ دۆلەت جژنېڭىنى يۈرگۈزۈشىگە قانداقمۇ ئۆتكىلى بولىدۇ؟)؛ ئىككىنچى، كاپىتالىزمنى ۋە كاپىتالىستىك مەدەنىيەتنى ئاساس قىلغان «ئىپتىدائىي دېموكراتىك تۈزۈم» باشلانغۇچ دەۋردىكى ياكى كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىپتىدائىي دېموكراتىك تۈزۈمگە ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىستىك مەدەنىيەت يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى، زاۋۇت، تۆمۈريول، پوچتا، دىيەنخۇا ۋە باشقىلارنى **ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، مۇشۇ ئاساستا**، كونا «دۆلەت ھاكىمىيىتى» جژنېڭىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىگى ئىنتايىن ئاددىيلاشتى، شۇنىڭ

بىلەن تىزىملاش، جەدۋەل تولدۇرۇش، تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بەزى ئىنتايىن ئاددىي رەسمىيەتلەرگىچە ئاددىيلىشىشى مۇمكىنكى، ھەر بىر ساۋاتلىق كىشى بۇ جژنېڭلارنى تامامەن يۈرگۈزەلەيدىغان بولىدۇ، بۇ جژنېڭلارنى يۈرگۈزگۈچىلەرگە پەقەت ئاددىي «ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى» بېرىلىسىلا بولىدۇ ھەممىدە بۇ جژنېڭلاردىكى ھەرقانداق ئىمتىيازلىق تۈزۈم، «جاڭگۈەنلىك تۈزۈم»نىڭ قالدۇقلىرى پاك-پاكىز يوقىتىلىدۇ (ھەم يوقىتىلىشى كېرەك).

بارلىق ھوكۇمەت خادىملىرىغا نىسبەتەن مۇستەسناسىز ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇلارنى **خالىغان ۋاقىتتا** ئالماشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ مۇئاشىنى ئاددىي «ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى» سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈشتەك بۇنداق ئاددىي ۋە «ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك» بولغان دېموكراتىك تەدبىرلەر ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ زور كوپچىلىكىنىڭ مەنپەئەتىنى تامامەن بىرلەشتۈرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ كوۋرۈكمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇ تەدبىرلەر جەمىيەتنىڭ دولەت جەھەتتە ئۆزگەرتىلىشى يەنى ساپ سىياسىي جەھەتتە ئۆزگەرتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك، لېكىن بۇ تەدبىرلەر «مەھرۇم قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىش» جەھەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ياكى يولغا قويۇلماقچى بولۇۋاتقان تەدبىرلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە ئايلاندۇرۇش تەدبىرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تولۇق ئەھمىيىتىنى روشەن كورسىتەلەيدۇ.

ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «گۆگشې بارلىق بۇرژۇئا ئىنقىلاپلىرىنىڭ ئەرزەن ھوكۇمەت دىگەن شوئارىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، چۈنكى ئۇ ئەڭ چوڭ ئىككى خىراجەتنى يەنى ئارمىيە بىلەن ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى.»

ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ باشقا تەبىقىلىرىگە ئوخشاش، دىخانلار ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا «يۇقۇرى ئورلىيەلەيدۇ»، «نام چىقىرالايدۇ» (بۇرژۇئازىيە مەنىسىدىن ئېيتقاندا)، يەنى بايلار، بۇرژۇئازلاردىن ياكى تۇرمۇشى ھاللىق بولغان ۋە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەمەلدارلاردىن بولالايدۇ. دىخانلار بار ھەرقانداق بىر كاپىتالىستىك دولەتتە (بۇنداق كاپىتالىستىك دولەت زور كوپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ) دىخانلارنىڭ مۇتلەق زور كوپچىلىكى ھوكۇمەت تەرىپىدىن ئېزىلىدۇ، بۇنداق ھوكۇمەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى ۋە «ئەرزەن» ھوكۇمەتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. **پەقەت** پۇرولېتارىياتىلا بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، پۇرولېتارىياتنىڭ بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئۇنىڭ دولەتنى سوتسىيالىستىك ئوزگەرتىشتە بىر قەدەم تاشلىغانلىقى.

## 3. يىخۇي تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى

ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «گۆگشې يىخۇي شەكلىدىكى ئورگان ئەمەس، بەلكى قانۇن چىقىرىشىمۇ ۋە مەمۇرى ئىشىمۇ بىرلا ۋاقىتتا باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى بولۇشى كېرەك» ......

......«ئومۇمى سايلام تۈزۈمى زادى ھوكۇمران سىنىپنىڭ قايسىبىر ئادىمىنىڭ يىخۇيدا خەلققە ۋەكىل بولۇشىنى ۋە

خەلقنى باستۇرۇشنى (ver-und zertreten) ھەر 3 يىلدا ياكى 6 يىلدا بىر قېتىم قارار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۇڭشېغا ئۇيۇشقان خەلققە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز كارخانىلىرىغا ئىشچى، نازارەتچى ۋە كوئەيجى تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك، خۇددى شەخسنىڭ تاللاش ھوقۇقى ھەرقانداق بىر زاۋۇت ئىگىسىگە بىر مەقسەتتە خىزمەت قىلغىنىغا ئوخشاش.»

سوتسىيال شوۋىنىزىم ۋە جىخۇيجۇيى ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن، 1871 - يىلى يىخۇي تۈزۈمىگە بېرىلگەن بۇ مەشھۇر تەنقىت ھازىرمۇ ماركسىزىمنىڭ «كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان سوزلىرى»گە ئايلىنىپ قالدى. بۇجاكىلىق ۋە يىخۇي ئەزاسىلىق ۋەزىپىسىنى ئوتىگۈچىلەر، ھازىرقى پۇرولېتارىياتنىڭ خائىنى ۋە «ئەمەلىي مەنپەئەتنىلا دەيدىغان» سوتسىيالىزىمچىلار يىخۇي تۈزۈمىنى تەنقىت قىلىش ئىشىنى تامامەن ھوكۇمەتسىزلەرگە ئوتكۇزۇپ بەردى، مۇشۇنى ئاساس قىلىۋېلىپ، ئۇزلىرىنى يوللۇق چاغلاپ، يىخۇي تۈزۈمىگە بېرىلگەن **ھەرقانداق** تەنقىت «ھوكۇمەتسىزلىك» بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلىشتى!! «ئىلغار» يىخۇي تۈزۈمىدىكى دولەتلەرنىڭ پۇرولېتارىياتى شېيدېمان، داۋىد، لېگىن، سېمبا، رېنائۇدېل، ھېندېرسون، ۋاندېرۋېلد، ستاۋنىڭ، برانتىڭ، بىسسولاتى قاتارلىق «سوتسىيالىزىمچىلار»نى كورۇش بىلەنلا ئۇلاردىن يىرگىنىشى، ھوكۇمەتسىز گۇڭتۇەنجۇيىغا بولسا كۈندىن - كۈنگە ھېسداشلىق قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، گەرچە ھوكۇمەتسىز گۇڭتۇەنجۇيى جىخۇيجۇيىنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشى بولسىمۇ.

لېكىن، پېلېخانوپ، كائۇتسكى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش، ماركس ئەزەلدىنلا ئىنقىلاۋىي بيەنجېڭفانى بىر خىل رەسىم بولۇپ قالغان قۇرۇق سوز ياكى يېقىملىق ئىبارە دەپ قارىمىدى. ماركس ھوكۇمەتسىزلىكنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىرغىتىپ تاشلاشقا ماھىر ئىدى، چۈنكى ھوكۇمەتسىزلىك ھەتتا بۇرژۇئا يىخۇيىدىن ئىبارەت بۇ «ئېغىل»دىن، بولۇپمۇ ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەتنىڭ يارىتىلمىغانلىقى ئېنىق تۇرغان چاغدا، پايدىلىنىشنى بىلمەيتتى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماركس يەنە يىخۇي تۇزۇمگە قارىتا ھەقىقى، ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىياتلىق تەنقىت بېرىشكىمۇ ماھىر ئىدى.

ھوكۇمران سىنىپنىڭ قايسىبىر ئادىمىنىڭ يىخۇيدا خەلقنى باستۇرۇشنى، خەلقنى ئېزىشنى بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم قارار قىلىش — مانا بۇ، بۇرژۇئا يىخۇي تۇزۇمىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى، يىخۇي تۇزۇمدىكى پادىشالىق - ئاساسىي قانۇنلۇق دولەتلەردىلا شۇنداق بولۇپ قالماي، بەلكى ئەڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ شۇنداق.

لېكىن، ئەگەر دولەت مەسىلىسى قويۇلسا، يىخۇي تۇزۇمى بىر خىل دولەت تۇزۇمى دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا پۇرولېتارىياتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يىخۇي تۇزۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى نەدە؟ قانداق قىلغاندا يىخۇي تۇزۇمى كېرەك قىلىنمايدىغان بولىدۇ؟

شۇنى تەكرار كورسەتمىسەك بولمايدۇ: ماركس كوممۇنىنى تەتقىق قىلىپ چىقارغان ساۋاقلار شۇ دەرىجىدە پۇتۇنلەي ئۇنتۇلغانكى، يىخۇي تۇزۇمگە بېرىلگەن تەنقىتنىڭ ھوكۇمەتسىزلەرچە ياكى ئەكسىيەتچىل بولغانلىرىدىن باشقا ھەر قانداقنى ھەتتا

هازىرقى زامان «سوتسىيال دېموكراتلىرى» (هازىرقى زامان سوتسىيالىزىم خائىنلىرى دەپ ئوقۇڭ) ئۈچۈن چۈشىنىكسىز.

يىغۆي تۈزۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، ئەلۋەتتە، ۋاكالەت ئورگانلىرىنى ۋە سايلام تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتا ئەمەس، بەلكى ۋاكالەت ئورگانلىرىنى قۇرۇق گەپخانىدىن «خىزمەت» ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇشتا. «كوممۇنا يىغۆي شەكىلدىكى ئورگان بولماسلىغى كېرەك، بەلكى قانۇن چىقىرىشنىمۇ ۋە مەمۇرى ئىشنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى بولۇشى كېرەك».

«يىغۆي شەكىلدىكى ئورگان ئەمەس، بەلكى خىزمەت» ئورگىنى «بولۇشى كېرەك»، بۇ دەل هازىرقى زامان يىغۆي ئەزالىرى ۋە سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ يىغۆيدىكى «خور - خور ئىتلىرى»نىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى! ئامېرىكىدىن تارتىپ شۋېيتسارىيىگىچە، فرانسىيىدىن تارتىپ ئەنگلىيە، نورۋېگىيە ۋە باشقىلارغىچە بولغان يىغۆي تۈزۈمدىكى هەرقانداق بىر دۆلەتنى ئېلىپ قاراڭلار، ئۇ يەرلەردە هەقىقى «دۆلەت» ئىشى پەردە ئارقىسىدا بەلگىلىنىدۇ ۋە ئۇنى هەرقايسى بۆلۈم، كەنسەلەر، شتابلار ئىجرا قىلىدۇ. يىغۆي «لاۋزەيشىك»لارنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈنلا قۇرۇق سۆز ساتىدۇ. بۇ — تامامەن توغرا پاكىت، هەتتا بۇ روسىيە جۇمهۇرىيىتىدە، مۇشۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمهۇرىيەتتە هەقىقى يىغۆي تېخى قۇرۇلۇپ بولماي تۇرۇپلا، يىغۆي تۈزۈمىنىڭ مۇشۇ بارلىق ئىللەتلىرى ئېچىلىپ قېلىشقا باشلىدى. چىرىك - مەشچان باتۇرلار، مەسىلەن، سكوبېلېپ، سېرېتېلى ئېقىمىدىكىلەر، چېرنوپ، ئاپكسېنتېپ ئېقىمىدىكىلەر سوۋېتلەرنى ئاياق ئاستى قىلىپ، ئۇنى ئەڭ رەزىل بۇرژۇئا يىغۆيغا ئوخشاش قۇرۇق گەپخانىغا

ئايلانـدۇرۇپ قويـدى. سوۋېتـلەردە «سوتسيالىزىمـچى» بۇجاڭ ئەپەنـدىـلەر ساددا دېخانـلارنى قۇرۇق سوز ۋە قارارلار بىـلەن كولدۇرلىتىدۇ. هوكۇمەت ئىچىدە بولـسا، بىر تەرەپـتىن، تېخىمۇ كوپ سوتسيال ئىنقىلاپـچىلار ۋە مىنشېۋىكـلارغا يۇقۇرى مەنسەپ، ئۇستۇن مۇئاشىنىڭ «لەززىـتى»نى نوۋەت بىلەن تېـتىتىپ قويۇش ئۇچۇن، يەنە بىر تەرەپـتىن، خەلقـىنىڭ «دىقـقەت نەزىـرى»نى «بۇراش» ئۇچۇن، رولـغا چىقـقۇچىلارنى ئۇزلۇكـسىز ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. «دولەت» ئىشى بولسا گۇەنتىڭ ۋە سىلىكبۇلاردا «ئىشلە-نىۋېرىدۇ»!

هاكىمىيەت بېشىدىكى «سوتسيال-ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى»نىڭ ئورگـان گېـزىتى بولغان «خەلق ئىشلىرى گـېزىتى» يېقىنقى بىر باشماقالىسىدا، ھەتتا «سوتسيالىزىمچىلار»نىڭ (مۇشۇ ئاتالـغۇنى ئىشلەتكەنلىگىم ئۇچۇن كېچىرىڭ!) قولـدىكى ھەرقايسى بۇلاردا پۇتكۇل ئەمەلدارلىق ئورگانلىرىنىڭ ئەمىلىيەتتە پېتى بۇزۇلمىغان-لىغىنى، ھوقۇقىنى كونا پىتىچە يۇرگۇزۇۋاتـقانلىغىنى، ئىنقىلاۋىي يېڭىلىققا قارىتا ئىنتايىن «ئەركىن ھالدا» سۇسلۇق قىلىۋاتقانلىـ-غىـنى «ھەممەيلەن» سىياسى پاھىشىنى كەسىپ قىلـغان «ياخـشى جەمـىيەت»تىكى كىشـلەرنىڭ چەكسىز تۇز كوڭۇلـلۇكلۇكى بىلەن ئىقـرار قىلدى! بۇ ئىقـرار بولـمىغان تەقـدىردىـمۇ، سوتـسيال ئىنقىلاپچىلار بىلەن مىنشېۋىكلارنىڭ ھوكۇمەتكە قاتناشقانـلىغىدىن ئىبارەت ئەمىلىي تارىخمۇ بۇنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ بۇ يەردە دىققەت قىلىشـقا ئەرزىيدىـغىنى پەقەت شۇكى، ھوكۇمەتـنىڭ ئەمەلدارلار سورۇنىـدا ئاساسىي قانۇن تۇزگۇچـى دېموكـراتـلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان چېرنوپ، رۇسانوپ، زىنزىنوپ ئېقىمىدىكىلەر ۋە «خەلق

ئىشلىرى گېزىــتى»دىكى باشقا تەھــرىر ئەپەندىلەر زادىلا نومۇس دىگەننى بىلمەي، ئاما ئالدىدا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى دەپ يۈرگــىندەك، «ئۇزلــرى»نىڭ ھەرقايــسى بۆلىرىدا ھەمــمە ئىش كونىچە ئىكەنلىگىنى ئىزا تارتماي دەپ يۈرۈشىدۇ!! سەھرالىقلارنى كولــدۇرلىتىش ئۈچۈن ئىنقــلاۋىي دېــموكــراتىك ئىــبارىــلەرنى ئىشلىتىش، كاپىتالىستلارنى «خوش» قىلىش ئۈچۈن گۆەنلىياۋجۇيىلىق گۆەنتىڭــچە سورەلــملىك ئىستىلــدا بولۇش ــ مانا بۇ، «سەممى» بىرلەشمە ھوكۇمەتنىڭ **ماھىيتى**.

گوڭشې بۇرژۇئازىيە جەمىيتىنىڭ خيانەتكار ـ چىرىك يىخۇيە- نىڭ ئورنىــغا قويغان ئورگانــدا سوزلەش ۋە مۇزاكــىرە قىلىــش ئەركىنلىگى ئالدامچىلىقــقا ئايلىنىپ قالمايــدۇ، چۈنــكى يىخۇي ئەزالىرى ئوزى ئىشلىشى، ئوزى ماقۇللىغان قانۇننى ئوزى ئىجرا قىلىشى، ئۇنىڭ ئەمــلىي تۇرمۇشــتا ئىجرا قىلىــنىش نەتىجىسنى ئوزى تەكشۇرۇشى، سايلىغۇچىلار ئالدىدا شەخسەن ئوزى جاۋاپكار بولۇشى شەرت. ۋاكالەت ئورگــىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىــدۇ، لېكىن ئالاھىدە تۈزۈم بولغان يىخۇي تۈزۈمــى، قانۇن چىقىرىــش بىلەن مەمۇرى ئىشلار ئوتــتۇرىــسىدا ئىــش تەقسىماتى بولىدىغان، يىخۇي ئەزالىرى ئىمتىيازلىق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان يىخۇي تۈزۈمى بۇ يەردە **مەۋجۇت بولمايدۇ**. ئەگەر ۋاكالەت ئورگــىنى بولمىسا، دېموكراتىيە دىگەننى، ئۇ پۈرولېتارىيات دېموكراتىيىسى بولغان تەقدىردىــمۇ، تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز تەس؛ لېــكىن، ئەگەر بىزنىڭ بۇرژۇئازىيە جەمىيــتىگە قاراتــقان تەنقىدىمىز مىنشېۋىكلار ۋە سوتسيال ئىنقلاپچىلار، شېيدېمان، لېگىن، سېمبا، ۋاندېرۋېلد ئېقىمىدىكىلەرنىڭــكىدەك ئىشچىلارنى ئالــداپ سايلام بېلىتىگە ئىگە

بولۇۋالدىغان «سايلام رىقابىتى» سوزلىرىگە ئوخشاش قۇرۇق سوز بولماستىن، بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرۇشتىكى ئارزۇيىمىز ھەقىـقى ۋە سەممى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، بىز يىخۇي تۇزۇمنى كېرەك قىلمايمىز ۋە كېرەك قىلماسلىغىمىز **لازىم.**

ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ماركس ھەم گۇڭشې ئۇچۇن زورۇر بولغان، ھەم پۇرولېتارىيات دېموكراتىيىسى ئۇچۇن زورۇر بولغان **ئەنە شۇ** ئەمەلدارلىق ئورگانىنىڭ جژنېڭى ئۇستىدە توختالغانىدا، ئۇنى «ھەرقانداق بىر زاۋۇت ئىگىسى» يالـلاپ ئىشلەتكەن خادىملار بىلەن سېلىشتۇرغان يەنى «ئىشچى، نازارەتچى ۋە كۇەيجى» يالـلاپ ئىشلەتكەن ئاددى كاپىتالىستىك كارخانىلار بىلەن سېلىشتۇرغان ئىدى.

ماركس خىيالپەرەسلىككە قىلچە بېرىلىپ كەتمىگەن، ئۇ «يېڭى» جەمىيەتنى ئويدۇرۇپ چىقارمىغان ۋە خام خىيال قىلمىغان. ئەكسىچە، ئۇ كونا جەمىيەتتىن يېڭى جەمىيەتنىڭ **تۇغۇلۇش** جەريانىنى، ئالدىنقىسىدىن كېيىنكىسىگە ئوتۇش شەكلىنى تەبىى تارىخىي جەريان سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان ئىدى. ئۇ پۇرولېتارىيات ئاممىۋى ھەركىتىنىڭ ئەمىلىي تەجرىبىسىنى ئاساس قىلىپ، بۇ تەجرىبىدىن ئەمەلىي ساۋاق ئېلىشقا تىرىشقان. ئۇ خۇددى بارلىق ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي مۇتەپەككۇرلار ئېزىلگۇچى سىنىپلارنىڭ ئۇلۇق ھەركەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۇگىنىشتىن قورقمىغىنىدەك، ھەركەت ئۇستىدە ئەزەلىدىن قىرائەتخانىچە «پەندى ـ نەسىھەت» (پىلىخانوپنىڭ «ئەسلىدە قورال ئېلىش ھاجەتسىز ئىدى»، ياكى سېرىتېلىنىڭ «سىنىپلار ئوزىنى ئوزى چەكلىشى لازىم» دىگىنىدەك) قىلماي، گۇڭشېدىن «ئۇگەندى».

جايلاردىكى ئەمەلدارلىق ئورگانلىرىنى بىر يولىلا ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشتىن سوز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ — قۇرۇق خىيال. لېكىن كونا ئەمەلدارلىق ماشىنىسىنى بىر يولىلا **پاچاقلاپ تاشلاپ**، دەرھال بىر يېڭى ماشىنىنى قۇرۇشقا كىرىشىش ئارقىلىق بارلىق ئەمەلدارلىق ئورگانلىرىنى تەدرىجى يوقىتىش قۇرۇق خىيال **ئەمەس**، بۇ — گۇڭشېنىڭ تەجرىبىسى، ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ نۆۋەتتىكى بىۋاستە ۋەزىپىسى.

كاپىتالىزىم «دولەت»نىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ جىژنېڭىنى ئاددىيلاشتۇردى، ئۇ بىزنى «جاڭگۇەنلىك جىژنېڭى»نى ئېلىپ تاشلاپ، ھەممە مەسىلىنى پرولېتارلارنىڭ ئۇيۇشۇپ (ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ)، پۈتۈن جەمىيەت نامىدىن «ئىشچى، نازارەتچى ۋە كۇەيجى» ياللايدىغانلىغىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىز خىيالپەرەسلەر ئەمەسمىز، بىز ھەرقانداق باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ۋە ھەرقانداق بويسۇنۇشنى **بىر يولىلا** كېرەك قىلماسلىقنى ھەرگىز «خام خىيال» قىلمايمىز؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان بۇنداق ھوكۇمەتسىزلىك خام خىيالى ماركسىزىم بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق خام خىيال پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى تاكى ئادەملەر ئۆزگىرىپ باشقىچە ئادەم بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ. بىز ئۇنداق ئەمەس، بىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ھازىرقى ئادەملەر بىلەن ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىت قىلىمىز؛ ھازىرقى ئادەملەر بويسۇنۇشسىز، نازارەتسىز، «نازارەتچى ۋە كۇەيجىسىز» بولسا بولمايدۇ.

لېكىن زورۇر بولغان بويسۇنۇش بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ قوراللىق شيەنفېڭدۇيىگە — پۇرولېتارىياتقا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت. دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالاھىدە «جاڭگۇەنلىك جىژنېگى»نىڭ ئورنىنى بىر كۈن ئىچىدىلا «نازارەتچى ۋە كۆيىجى»نىڭ ئاددى جىژنېگى بىلەن ئېلىشقا بولىدۇ ۋە ئېلىش لازىم، ھازىر بۇ جىژنېگىنى ئادەتتىكى شەھەر خەلقى سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەملەرلا ئوتىيەلەيدۇ، ئۇلارغا «ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى» بېرىلسىلا ئۇلار تامامەن ئورۇنلاپ كېتەلەيدۇ.

بىز ئىشچىلار **ئۆزىمىز** كاپىتالىزم ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نەتىجە ئاساسىدا يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرىمىز، ئۆز ئىشچىلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ، قوراللىق ئىشچىلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئەڭ قاتتىق پولاتتەك ئىنتىزامنى ئورنىتىش، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى بىزنىڭ تاپشۇرۇقلىرىمىزنى ئىجرا قىلىدىغان خىزمەتچى خادىملاردىن قىلىش، ئۇلارنى جاۋاپكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان، ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان بەلكى ئادەتتىكىچە مۇئاش ئالىدىغان «نازارەتچى ۋە كۆيىجى»لاردىن قىلىپ چىقىش (ئەلۋەتتە، ھەر خىل سەۋىيىدىكى تۈرلۈك تېخنىك خادىملارنىمۇ ئىشلىتىش كېرەك) — مانا بۇلار **بىز** پۇرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئىش ئەنە شۇ يەردىن **باشلىنىدۇ** ۋە شۇنداق بولۇشى لازىم. يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا، بۇ باشلىنىش ئارقىسىدا تەبىي ھالدا بارلىق ئەمەلدارلىق ئورگانلىرى تەدرىجى «ھالاك بولۇپ بارىدۇ»، قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنمايدىغان، ياللانما قۇللۇق تۈزۈمىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەرتىپ تەدرىجى

ئورنىتىلىدۇ، بۇنداق تەرتىپ ئاستىدا، كۈندىن-كۈنگە ئاددىيلىشىپ بارىدىغان نازارەت قىلىش ۋە تۈگىچى جەدۋىلىنى توشقۇزۇش جۈنىگىنى بارلىق كىشىلەر نوۋەت بىلەن ئورۇنلايدىغان بولىدۇ، كېيىن ئۇ بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىدۇ - دە، ئاخىردا ئالاھىدە تەبىقىلەرنىڭ **ئالاھىدە** جۈنىگى بولماي قالىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى بىر ئەقىللىق گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتى **پوچتىنى** سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ نەمۇنىسى دەپ ھېساپلىغان. بۇ ئىنتايىن توغرا. ھازىر پوچتا — دولەت **كاپىتالىزمىنىڭ** لۈگدۇەن تەشكىلاتى شەكلى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر خىل ئىگىلىك. جاھانگىرلىك بارلىق تىرېستلارنى ئەنە شۇنداق شەكىلدىكى تەشكىلاتلارغا تەدرىجى ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئىشى ئىنتايىن ئېغىر، ئاچ - يالىڭاچ «تومپاي» ئەمگەكچىلەرنىڭ شىللىسىدىن بېسىپ تۇرغان نەرسە يەنىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ گۇەنلياۋلىق ئورگىنى. ئەمما ئىجتىمائى خاراكتىردىكى باشقۇرۇش ئورگانلىرى بۇ يەردە تەييارلىنىپ بولدى. كاپىتالىستلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنى قوراللىق ئىشچىلارنىڭ پولات مۇشتى بىلەن تارمار قىلىغان، ھازىرقى زامان دولىتىنىڭ گۇەنلياۋلىق ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغاندىلا، بىز «تەييارتاپلار» ئىرغىتىپ تاشلانغان ۋە يۇكسەك تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرىگە ئىگە بولغان ئورگانغا ئىگە بولىمىز، بۇ ئورگاندىن بىرلەشكەن ئىشچىلارنىڭ ئۆزى پۇتۇنلەي پايدىلىنىدۇ، بەزى تېخنىك خادىملار، نازارەتچىلەر ۋە كۈەيجىلارنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ **ھەممىسىگە** بېرىلىدىغان ئىش ھەققىمۇ، خۇددى **بارلىق** «دولەت» ئەمەلدارلىرىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىغە ئوخشاش، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىغە

باراۋەر كېلىدۇ. بۇ—بارلىق تىرىشچانلار ئۈچۈن كونكرېت، ئەمەلىي بەلگىلىك دەرھال يولغا قويۇشقا بولىدىغان ۋەزىپە، بۇنىداق قىلىش ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيىدىن خالى قىلىدۇ ھەمدە گۇڭشې ئەمەلىي باشلىنىغان سىناقنى (بولۇپمۇ دۆلەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە) ھېساپقا ئالغانلىق بولىدۇ.

**پۈتكۈل** خەلق ئىگىلىكىنى پوچتىغا ئوخشاش ئۇيۇشتۇرۇش، تېخنىك خادىملار، نازارەتچىلەر، كۆزەتچىلەر ۋە **بارلىق** ھوكۇمەت خادىملىرىنىڭ ئالىدىغان مۇئاشىنى «ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى»دىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ئۇلارنى قوراللىق پرولېتارىياتنىڭ نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلىش—مانا بۇ، بىزنىڭ ئەڭ يېقىنقى نىشانىمىز. بىزگە ئەنە شۇنداق دۆلەت، ئەنە شۇنداق ئىقتىسادىي ئاساستىكى دۆلەتلا زورۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، يىغىۋې تۇزۇمىنى يوقىتىپ، ۋاكالەت ئورگىنىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ بۇ ئورگانلىرىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىدىن خالى قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ئۇيۇشتۇرۇش

......«گۇڭشې تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان مەملىكەتلىك تەشكىلىنىڭ گاڭياۋسىدا ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: گۇڭشې......ھەتتا ئەڭ كىچىك كەنتنىڭمۇ سىياسى شەكلى بولۇپ قېلىشى كېرەك»......پارىژدا ئوتكۇزۇلىدىغان «مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى»مۇ ھەرقايسى گۇڭشې تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىشى كېرەك.

......«ئۇ ۋاقىتتا جۇڭگىياڭ ھوكۇمىتىگە قالدۇرۇلىدىغان ئاز ئەمما ئىنتايىن موھىم جىزنىڭ بىكار قىلىنماسلىقى كېرەك (بىكار قىلىنىشى كېرەك دەپ ھوكۇم قىلىش ـــ مەقسەتلىك ئويدۇرما)، بەلكى گوڭشېنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى يەنى قاتتىق جاۋاپكار ئەمەلدارلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك»......

......«مىللەتنىڭ بىرلىكى يوقىتىلماستىن، ئەكسىچە، گوڭشې تۈزۈمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلۇشى لازىم. مىللەتنىڭ بىرلىكى مۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق يەنى ئۆزىنى مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلىگۈچى قىلىپ كورسىتىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتتىن ئايرىلغان، مىللەتتىن يۇقۇرى تۇرىدىغان دولەت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك. ئەمىلىيەتتە، بۇ دولەت ھاكىمىيىتى مىللەتنىڭ بەدىنىدىكى تەييارتاپ ئوسمە گوشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»......«كونا ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ساپ ئېزىش ئورگانلىرى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلىشى لازىم، ئەمما كونا ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق جىزنىڭى جەمىيەتتىن يۇقۇرى تۇرۇشقا ئۇرۇنغان مۇنداق ھاكىمىيەتتىن تارتىۋېلىنىپ، جەمىيەتنىڭ جاۋاپكار خادىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك».

خائىن بېرنشتېيىننىڭ مەڭگۇ سېسىپ تۇرىدىغان «سوتسىيالىزىمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى» دىگەن كىتاۋى ھازىرقى زامان سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى جىخۇيىجۇيىچىلارنىڭ ماركسنىڭ بۇ باياناتلىرىنى نەقەدەر چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ياكى تېخمۇ دۇرۇسراق قىلىپ

ئېيتقاندا، چۈشىنىشنى نەقەدەر خالىمايدىغانلىقىنى ھەممىدىن روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بېرنشتېين ماركسنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان سۆزلىرى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ يازىدۇ: بۇ گاڭگىلىق «ئۆزىنىڭ سىياسى مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، جىمىكى مۇھىم نۇقتىلاردا پرۇدون تەشەببۇس قىلغان لىيەنباڭ تۈزۈمىگە ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدۇ..... ماركس بىلەن "ئوششاق بۇرژۇئاز" پرۇدون (بېرنشتېيننىڭ "ئۇششاق بۇرژۇئاز" دېگەن سۆزنى قوش پەش ئىچىگە ئېلىشى تەنە قىلىشنى بىلدۈرسە كېرەك) ئوتتۇرىسىدا باشقا خىلمۇ-خىل ئىختىلاپلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇھىم نۇقتىلاردا ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش جەريانى تولىمۇ يېقىنلاشقان». بېرنشتېين ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دەيدۇ: تەبسكى، يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رولى ئۆسىۋاتىدۇ، لېكىن، «مەن دېموكراتىيىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى خۇددى ماركس بىلەن پرۇدون تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ھازىرقى زامان دۆلىتىنى بىكار قىلىش (Auflösung — سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى پارچىلىۋېتىش، ئېرىتىۋېتىش) ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىنى (ئۆلكىلىك ياكى ئوبلاستلىق يىغىنلار ۋەكىل سايلاپ، مەملىكەتلىك يىغىننى ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئۆلكىلىك ياكى ئوبلاستلىق يىغىنلار بولسا ھەرقايسى گۇڭشېلاردىن سايلانغان ۋەكىللەردىن تەركىپ تاپىدۇ) پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش (Umwandlung — ئالماشتۇرۇش) بولۇشى ناتايىن دەپ گۇمانلىنىمەن، شۇنداق بولغاندا مەملىكەتلىك ۋەكىللەر ئورگىنىنىڭ پۈتكۈل كونا شەكلى تامامەن يوقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.» (بېرنشتېين. «ئالدىنقى شەرت» 1899-يىل نېمىسچە نەشرى، 134-ۋە 136-بەتلەر).

ماركسنىڭ «دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ــ تەييار تاپىنى يوقىتىش» توغرىسىدىكى ئۇقتىنەزىرىنى پرۇدوننىڭ لىيەنباڭ تۈزۈمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چوچۇتىدىغان ئىش! لېكىن بۇ تاسادىپى ئىش ئەمەس، چۈنكى جىخۇيجۇيىچىلار ماركسنىڭ بۇ يەردە ئېيتقىنى ھەرگىز مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمگە قارىمۇ-قارشى لىيەنباڭ تۈزۈمنى ئورنىتىش بولماي، بەلكى بارلىق بۇرژۇئا دۆلەتلىرىدىكى كونا بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ كورمىگەن.

جىخۇيجۇيىچىلارنىڭ ئويلىغىنى پەقەت ئۆز ئەتراپىدا، چاكىنا مەشچانلار ئىچىدە ۋە قېتىپ قالغان «گەيلياگىجۇيى» موھىتىدا كورگەن نەرسىلەر، يەنى كورگىنى پەقەت «يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى»! پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىغا كەلسەك، ئۇنى جىخۇيجۇيىچىلار ئويلاپمۇ باقمىغان.

بۇ ناھايىتى كۈلكىلىك. لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھېچكىممۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە بېرنشتېيىن بىلەن مۇنازىرىلەشمىدى. نۇرغۇن ئادەملەر بولۇپمۇ روسىيىنىڭ يازغۇچىلار ساھەسىدىن پلېخانوپ ۋە ياۋروپانىڭ يازغۇچىلار ساھەسىدىن كائۇتسكى بېرنشتېيىنغا رەددىيە بەرگەن، لېكىن، مەيلى ئالدىنقىسى ياكى كېيىنكىسى بولسۇن، بېرنشتېيىننىڭ ماركس ئۈستىدىكى **بۇ** بۇرمىلىشى ھەققىدە ئېغىز ئاچقىنى **يوق**.

جىخۇيجۇيىچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي پىكىر يۈرگۈزۈشنى ۋە ئىنقىلاپ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلمەسلىكى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھەتتا «لىيەنباڭ تۈزۈمى»نى ماركسقا تېڭىپ، ماركسنى ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ بوۋىسى بولغان پرۇدون بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى.

جېڭتۇگچى ماركسىزىمچى بولۇشنى ئويلىغان، ئىنقىلاۋىي ماركسىزىم تەلىماتىنى قوغدىماقچى بولغان كائۇتسكى بىلەن پىلىخانوپ بولسا بۇ ھەقتە لام - جىم دىمىدى! بۇ — كائۇتسكىزىمچىلار ۋە جىخۇيجۇ- يىچىلارنىڭ ماركسىزىم بىلەن ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ پەرقىنى چېكىدىن ئاشقان چاكىنىلىق بىلەن تونۇغانلىغىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى، بۇنداق چاكىنا نۇقتىنەزەر توغرىسىدا بىز كېيىن يەنە توختىلىپ ئوتىمىز.

ماركسنىڭ يۇقۇرىدا توختالغان گۇگشىنىڭ تەجرىبىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا لېنىناڭ تۇزۇمىدىن قىلچە ئەسەر يوق. جىخۇيجۇيىچى بېرنشتېين دەل ماركسنىڭ پرۇدون بىلەن ئوخشاي- دىغان يېرىنى كورەلمەيدۇ؛ ماركسنىڭ پرۇدونغا ئوخشىمايدىغان يېرىنى بولسا ئوخشاش دەپ قارايدۇ.

ماركسنىڭ پرۇدونغا ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ھازىرقى زامان دولەت ماشىنىسىنى «پاچاقلاپ تاشلاش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ماركسىزىمنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك (مەيلى پرۇدون ياكى باكۇنىن بولسۇن) بىلەن بولغان بۇنداق ئوخشايدىغان يېرىنى جىخۇيجۇيىچىلارمۇ، كائۇتسكىزىمچىلارمۇ كورۇشنى خالىمايدۇ، چۇنكى ئۇلار مۇشۇ نۇقتىدا ماركسىزىمدىن چەتلىگەن.

ماركسنىڭ پرۇدون بىلەن باكۇنىنغا ئوخشىمايدىغان يېرى دەل لېنىناڭ تۇزۇمى مەسىلىسىدە (پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مەسىلە- سىنى دىمەيلا قويايلى). لېنىناڭ تۇزۇمى پىرىنسىپ جەھەتتىن ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئا نۇقتىنەزىرىدىن كېلىپ چىققان. ماركس مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ يۇقۇرىدىكى ئەنە شۇ بايانىدا مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمىدىن قىلچىمۇ

چەتلەپ كەتمىگەن. دولەتكە ئىنتايىن مىشچانلىق بىلەن «خۇراپە-لارچە ئىشىنىدىغان» كىشىلەرلا بۇرژۇئا دولەت ماشىنىسىنى يوقىتىشنى مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمىنى يوقىتىش دەپ قارايدۇ!

پۇرولېتارىيات بىلەن نامىرات دېخانلارنىڭ دولەت ھاكىمىيە-تىنى ئۇز قولىدا تۇتۇپ، ئىنتايىن ئەركىن ھالدا گۇڭشېغا ئۇيۇشۇپ، ھەممە گۇڭشېنىڭ ھەركىتىنى **بىرلەشتۇرۇپ** كاپىتالغا زەربە بېرىشى، كاپىتالىستلارنىڭ قارشىلىغىنى تارمار قىلىشى، تومۇر-يول، زاۋۇت، يەر ۋە باشقا خۇسۇسى مۇلۇكنى **پۇتكۇل** مىللەت ۋە پۇتكۇل جەمىيەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشى مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمى ئەمەسمىكەن؟ بۇ ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل دېموكراتىيە - مەركەزلەش-تۇرۇش تۇزۇمى، يەنە كېلىپ پۇرولېتارىياتنىڭ مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمى ئەمەسمىكەن؟

ئىختىيارىي ھالدىكى مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمىنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىگىنى، گۇڭشېلارنىڭ ئىختىيارىي ھالدا بىر مىللەت بولۇپ بىرلىككە كېلىشىنىڭ مۇمكىنلىگىنى، پۇرولېتارىيات گۇڭشېلىرىنىڭ بۇرژۇئا ھوكۇمرانلىغىنى ۋە بۇرژۇئا دولەت ماشىنىسىنى بۇزۇش ئىشىدا ئىختىيارىي ھالدا قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىنلىگىنى بېرنشتېين زادىلا خىيالىغا كەلتۇرمىگەن. بېرنشتېين باشقا بارلىق چاكىنا ئادەملەرگە ئوخشاشلا، مەركەزلەشتۇرۇش تۇزۇمى پەقەت يۇقۇرىدىن، پەقەت ئەمەلدارلار ۋە جۇنفالار تەرىپىدىن مەجبۇرى يولغا قويۇلىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان نەرسە، دەپ ھېساپلايدۇ.

ماركس ئۇزىنىڭ بۇ نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇرمىلىنىش ئېھتىمالى بارلىغىنى ئالدىن سەزگەندەك، ئەگەر گۇڭشې مىللەتنىڭ بىرلىگىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، جۇڭيائڭ ھاكىمىيىتىنى

بكار قىلىدۇ، دەپ ئەيىپلىنىدىغان بولسا، بۇ قەستەن پەيدا قىلىنغان ئويدۇرما بولىدۇ، دەپ مەقسەتلىك ھالدا ئالاھىدە كورسىتىپ ئوتكەن ئىدى. ماركس بۇرژۇئازىيىنىڭ يەنى ئارمىيىنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مەركەزلەشتۇرۇش تۈزۈمىگە قارشى ئاڭلىق، دېموكراتىك ۋە پرولېتارىياتچە مەركەزلەشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، «مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ئۇيۇشتۇرۇش» دېگەن سوزنى مەقسەتلىك ھالدا ئىشلەتكەن ئىدى.

لېكىن......ئاڭلاشنى خالىمىغان كىشى گاستىنمۇ بەتتەر گاس بولۇۋالىدۇ. ھازىرقى زامان سوتسيال - دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى جىخۇيىجۇيىچىلار دەل دولەت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش، تەييارتاپنى تۇپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ.

## 5. تەييارتاپنى — دولەتنى يوقىتىش

بىز ماركسنىڭ بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك سوزلىرىنى نەقىل كەلتۇردۇق، ئەمدى يەنە بىرنەچچە ئابزاس نەقىل كەلتۇرىمىز.

ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ:......«يېڭى تارىخىي باشلىنىشنىڭ ئادەتتە ئۇچرايدىغان تەقدىرى شۇنداق بولىدۇكى، يېڭى ئورگان كونا ھەتتا ۋاقتى ئوتكەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكىللىرىگە سەللا ئوخشاپ قالسا، ئەنە شۇ شەكىللەرنىڭ كوچۇرۇلمىسى دەپ خاتا قارىلىدۇ. ھازىرقى زامان دولەت ھاكىمىيىتىنى ۋەيران قىلغان ( bricht — پاچاقلاپ تاشلىغان) بۇ يېڭى كوڭشىغىمۇ......ئوتتۇرا ئەسىر كوڭشىسىنىڭ تىرىلدۇرۇلۇشى......نۇرغۇن كىچىك شىتاتلارنىڭ ئىتتىپاقى

(مونتېسكيۇ، ژىروندىچىلار) ......هوقۇقنى ئادەتتىن تاشقىرى مەركەزلەشتۈرۈشكە قارشى قەدىمقى كۈرەشلەرنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى دەپ خاتا قارالدى»......

......«گۇڭشې تۈزۈمى جەمىيەت ھېساۋىغا بېقىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمىيەتنىڭ ئەركىن تەرەققى قىلىشىغا توسقۇن بولۇپ كەلگەن تەييارتاپ ئوسمە گوش — "دولەت" ھازىرغىچە يالىماپ كەلگەن بارلىق كۈچلەرنى جەمىيەتنىڭ بەدىنىگە قايتۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇلا فرانسىيىنىڭ گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدۇ»......

......«گۇڭشې تۈزۈمى يېزىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئاساسىي شەھەر-لەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپە-ئەتىگە شەھەر ئىشچىلىرىنىڭ مۇقەررەر ۋەكىل بولۇشىنى قولىغا كەلتۈرەلىشىگە كاپالەت بېرىدۇ. گۇڭشېنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يەرلىك ئاپتونومىيىنى ئۆزلۈگىدىن ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن بۇنداق يەرلىك ئاپتونومىيە ھازىر كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان دولەت ھاكىمىيىتىگە قارشى قويۇلغان نەرسە ئەمەس»......

«دولەت ھاكىمىيىتى»دىن ئىبارەت بۇ «تەييارتاپ ئوسمە گوشنى يوقىتىش»، ئۇنى «تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش»، ئۇنى «بۇزۇپ تاشلاش» لازىم؛ «دولەت ھاكىمىيىتى ھازىر كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى»، — ماركس گۇڭشې تەجرىبىسىگە باھا بەرگەن ۋە ئۇنى تەھلىل قىلغان چاغدا، دولەت توغرىسىدا ئەنە شۇنداق دېگەن ئىدى.

بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسى تەخمىنەن يېرىم ئەسىر بۇرۇن يېزىلـ-
غان، ھازىر بۇ سوزلەرنى تېپىپ چىقىپ، كەڭ ئاممىنى ماركسىزىمـ-
نىڭ ئەسلىنى تونۇۋالالايدىغان قىلىش لازىم. ماركس ئۆزى باشتىن
كەچۈرگەن ئەڭ كېيىنكى بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاپنى كۆزەتكەندىن
كېيىن چىقارغان خۇلاسىنى دەل پۇرولېتارىياتنىڭ يېڭى زور ئىنقىلاپ
دەۋرى يېتىپ كەلگەن چاغدا كىشىلەر ئۇنتۇپ قالدى.

......«كىشىلەرنىڭ گۇڭشېنى خىلمۇ ـ خىل چۈشەندۇرۇشى
ۋە گۇڭشېنىڭ خىلمۇ ـ خىل مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلىشى
گۇڭشېنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى جانلىق سىياسى شەكىل
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ۋاھالەنكى، بارلىق كونا ھوكۇمەت
شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئەزگۇچى خاراكتېرلىق
ئىدى. گۇڭشېنىڭ ھەقىقى سىرى شۇ يەردىكى، ئۇ، ماھىيەتتە،
**ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمىتى**، ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپىـ-
نىڭ ئۆزلەشتۇرگۇچىلەر سىنىپىغا قارشى كۇرىشىنىڭ نەتىجىسى،
ئۇ ئاخىر كەشىپ قىلىنغان، ئەمگەكنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن
ئازاتلىققا ئېرىشتۇرىدىغان سىياسى شەكىل»......

«ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى بۇ شەرت بولمىغاندا، گۇڭشې تۇزۇمـ-
نىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان بەلكى ئالدامچىلىق
بولغان بولاتتى»......

خىيالپەرەسلەر جەمىيەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە
بولىدىغان تۇرلۇك سىياسى شەكىللەرنى «كەشىپ قىلىش» بىلەن
شۇغۇللاندى. ھوكۇمەتسىزلەر سىياسى شەكىل مەسىلىسىدىن زادىلا
ئېغىز ئاچمىدى. ھازىرقى زامان سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسى
ئىچىدىكى جىخۇيجۇيىچىلار بولسا بۇرژۇئا يىخۇي تۇزۇمىدىكى

دېموكراتىك دولەتلەرنىڭ سىياسى شەكىللىرىنى ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەڭ يۇقۇرى چەك دەپ قاراپ، بۇ «نەمۇنە»گە باش ئۇرۇپ ئاغزى - بۇرنىنى قانتىۋالدى، بۇنداق سىياسى شەكىللەرنى **ۋەيران قىلىش** يولىدىكى ھەرقانداق ئىنتىلىشنى ھوكۇمەتسىزلىك دەپ جاكالىدى.

ماركس سوتسىيالىزىمنىڭ ۋە سىياسى كۇرەشنىڭ پۈتۈن تارىخىدىن: دولەت چوقۇم يوقىلىدۇ؛ دولەتنىڭ يوقىلىشىدىكى ئۆتكۈنچى شەكىل (دولەتتىن دولەت بولماسلىققا ئۆتۈش) «ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پۇرولېتارىيات»تىن ئىبارەت دەپ يەكۇن چىقارغان ئىدى. لېكىن، ماركس كەلگۈسىدىكى بۇ سىياسى **شەكىلنى كەشىپ قىلىشقا** كىرىشمىگەن. ئۇ پەقەت فرانسىيە تارىخىنى توغرا كۆزىتىپ ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىپ، 1851 - يىلدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن: مەسىلە بۇرژۇئا دولەت ماشىنىسىنى **بۇزۇپ تاشلاشتا**، دىگەن تېگىشلىك يەكۇننى چىقارغان.

پۇرولېتارىياتنىڭ ئاممىۋى ئىنقىلاۋىي ھەركىتى پارتلىغان ۋاقىتتا، گەرچە بۇ ھەركەت ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرىغان، ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بەلكى كورۇنەرلىك ئاجىزلىقى بولغان بولسىمۇ، ماركس بۇ ھەركەتنىڭ زادى قانداق شەكىلنى **كەشىپ قىلغانلىقىنى** تەتقىق قىلغان ئىدى.

كوممۇنا — پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن «ئاخىر كەشىپ قىلىنغان»، ئەمگەكنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازاتلىقىقا ئېرىشتۈرىدىغان شەكىل.

كوممۇنا — پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ بۇرژۇئا دولەت ماشىنىسىنى **پاچاقلاپ تاشلاش** يولىدىكى تۇنجى سىنىقى، «ئاخىر كەشىپ

قىلىنغان»، پاچاقلاپ تاشلانغان دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىنى **ئېلىشى** مۇمكىن ۋە كېرەك بولغان سىياسى شەكىل.

بىز تۆۋەندە روسىيە 1905 - يىل ئىنقىلاۋى ۋە 1917 - يىل ئىنقىلاۋىنىڭ باشقىچە بىر موھىتتا ۋە باشقىچە بىر شارائىتتا گۈڭشې ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ماركسنىڭ بۇ تالانتلىق تارىخىي تەھلىلىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

## تۆتىنچى باپ

## داۋامى ئېنگېلسنىڭ قوشۇمچە چۈشەندۈرۈشلىرى

ماركس گۈڭشې تەجرىبىسىنىڭ ئەھمىيىتى مەسىلىسىدىكى ئاساسىي موھىم نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئېنگېلس بۇ مەسىلىدە كۆپ قېتىم توختىلىپ، ماركسنىڭ تەھلىلى ۋە يەكۈنىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ھەمدە بەزىدە بۇ مەسىلىنىڭ **باشقا** تەرەپلىرىنى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە ئىنتايىن گەۋدىلىك ھالدا شەرھلەپ ئۆتكەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ چۈشەندۈرۈشلەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

### 1. «ئۆي - جاي مەسىلىسى»

ئېنگېلس ئۆي - جاي مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەسىرىدە (1872 - يىل) گۈڭشېنىڭ تەجرىبىسىنى نەزەرگە ئالغان ھەمدە

ئىنقىلاپنىڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ۋەزىپىسى ئۈستىدە كوپ قېتىم توختالغان ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ بۇ كونكرېت مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، بىر تەرەپتىن، پۇرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ هازىرقى زامان دۆلىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان يېرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ، بىز مۇشۇ ئوخشاپ كېتىدىغان يېرىگە ئاساسەن ئالدىنقىسىنىمۇ ۋە كېيىنكىسىنىمۇ دۆلەت دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەنە ئالدىنقىسىنىڭ كېيىنكىسىگە ئوخشىمايدىغان يېرىنى يەنى دۆلەتنىڭ يوقىلىشقا ئۆتۈشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

«ئوي-جاي مەسىلىسىنى قانداق هەل قىلىش كېرەك؟ هازىرقى زامان جەمئىيىتىدە بۇ مەسىلىنىڭ هەل قىلىنىشى باشقا بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ هەل قىلىنىشىغا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ، يەنى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە پەيدىن-پەي تەڭپۇڭلىشىشىغا تايىنىپ هەل قىلىنىدۇ، لېكىن مۇشۇنداق هەل قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلە يەنە ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، يەنى هېچنېمە هەل بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ بۇ مەسىلىنى قانداق هەل قىلىدۇ؟ بۇ يالغۇز ۋاقىت ۋە ئورۇنغىلا باغلىق بولماي، بەلكى چوڭقۇر ئەهمىيەتلىك بەزى مەسىلىلەرگىمۇ باغلىق، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى— شەهەر بىلەن يېزىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى يوقىتىش مەسىلىسى. بىز كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلىش كويىدا ئەمەس ئىكەنمىز، بۇ جەھەتتە ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭمۇ هاجىتى يوق. لېكىن مۇنۇ بىر نۇقتا

مۇئەيــيەنكى، هازىر چــوڭ شەھەرلەردە يېتەرلىك ئۆي ـ جاي بار، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلسىلا، ھەقىقەتەن ئۆي ـ جاي **يېتىشمەسلىك** مەسلىســىنىڭ ھەل قىلىنىــشىغا دەرھال ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى ئەمەلــگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى ئۆي ئىگىلىرىنى مەھرۇم قىلىپ، بۇ ئۆيلەرگە ئۆيسىز ياكى ھازىــر ناھايىتى قىستىلىشىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئىشچىلارنى كۆچۈرۈپ كېلىش كېرەك. پەقەت پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىلا، جەمئىيەت پاراۋانلىقىغا دائىر بۇنداق تەدبىرلەر خۇددى ھازىرقى زامان دۆلىتىنىڭ باشقا نەرسىلەرنى تارتىۋال- غانلىقىغا ۋە ئۆي ـ جاينى ئىگىلىۋالغانــلىقىغا ئوخــشاش ئاسان ئەمەلگە ئاشىدۇ.» (1887 ـ يىل نېمىسچە نەشرى، 22 ـ بەت)[16]

بۇ يەردە گەپ دۆلەت ھاكــمىيىتى شەكــلىنىڭ ئۆزگــىرىشى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى دۆلەت ھاكىمىيىتى پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئۈســتىدىلا بارىدۇ. ئۆي-جاينى تارتىۋېلىش ۋە ئىگىلەش پائال- يەتلىرى ھازىــرقى زامان دۆلىتىنىڭ بۇيرۇغــىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىــدۇ. پرولېتــارىيات دۆلىتــمۇ، شەكىل جەھەتــتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «بۇيرۇق بىلەن» ئۆي ـ جاينى ئىگىلەيدۇ ۋە ئۆيلەرنى تارتــىۋالىدۇ. لېــكىن، ناھايــتى روشەنــكى، كونا ئىــجرائىــيە ئورگانــلىرى يەنى بۇرژۇئازىيىگە چېتىشــلىق بولغان ئەمەلــدارلىق ئورگانلىرى ئارقىلىق پرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ بۇيرۇغىنى ھەرگىز ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ.

......«كورســتىپ ئوتتۇش كېرەككى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بارلىق ئەمگەك قوراللىنى ۋە پۈتۈن سانائەتنى ئەمىلىي ئۆزلەش- تۈرۈشى ـــ پرۇدونىــزىمچە "سېــتىۋېلىش" ئۇسۇلــىنىڭ تامامەن

ئەكسى. ئەگەر كېيىنكى ئۇسۇل قوللىنىلسا، يەككە ئەمگەكچى مەلۇم بىر ئۆي ـ جايغا، مەلۇم بىر پارچە دېخان يېرىگە، مەلۇم ئەمگەك قوراللىرىغا ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولۇپ قالىدۇ؛ ئەگەر ئالدىنقى ئۇسۇل قوللىنىلسا، «ئەمگەكچى خەلق» بارلىق ئۆي ـ جاي، زاۋۇت ۋە ئەمگەك قوراللىرىغا كوللېكتىپ ئىگىدارلىق قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۆي ـ جاي، زاۋۇت ۋاھاكازالار ھېچ بولمىغاندا ئۆتكۈنچى دەۋردە شەخسلەر ياكى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا ھېچقانداق بەدەلسىز بېرىلمەسلىكى مۇمكىن. ئوخشاشلا، يەرگە بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش يەر ئىجارىسىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى يەر ئىجارىسىنى ــ گەرچە ئۆزگەرتىلگەن شەكىل بولسىمۇ ــ جەمىيەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئەمگەك قورالىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئۆزلەشتۈرۈشى ئىجارىگە ئېلىش ۋە ئىجارىگە بېرىشنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى ھېچقاچان چەتكە قاقمايدۇ.» (68 ـ بەت)

بىز تۆۋەندىكى باپتا بۇ ئابزاستىكى بايانda ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنى يەنى دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى توغرىسىدىكى مەسىلىنى تەكشۈرىمىز. ئېنگېلس ئىنتايىن ئېھتىياتلىق بىلەن، پرولېتارىيات دولىتى «ھېچ بولمىغاندا ئۆتكۈنچى دەۋردە» ئۆي ـ جاينى ھېچقانداق بەدەلسىز تەقسىم «قىلىۋەتمەسلىكى» مۇمكىن دەيدۇ. ئومۇمخەلققە مەنسۇپ بولغان ئۆي ـ جاينى ئايرىم ـ ئايرىم ئائىلىلەرگە ئىجارىگە بەرگەندە، ھەم ئىجارە ئېلىش، ھەم مەلۇم دەرىجىدە نازارەتنى يولغا قويۇش شۇنداقلا ئۆي ـ جاينى تەقسىم قىلىشنىڭ مەلۇم ئۆلچىمىنىمۇ

بەلگىلەش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن دولەت شەكلىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ئالاھىدە ھەربى ئورگان ۋە گۇەن-لىياۋلىق ئورگاننى ھەمدە ئىمتىيازلىق ھوقۇقنى ئىگە ئەمەلدارلارنى ئەسلا كېرەك قىلمايدۇ. ئوي-جاينى ھەقسىز تەقسىم قىلىشقا ئوتۇشكە كەلسەك، ئۇ دولەتنىڭ پۈتۈنلەي «ھالاك بولۇشى»غا باغلىق.

ئېنگېلس بلانكىزىمچىلارنىڭ كۈرەشتىن كېيىن كۈرەش تەجرىبىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ماركسىزمنىڭ پىرىنسىپلىق مەيدانىغا ئوتكەنلىكى توغرىسىدا سوزلەپ كېلىپ، بۇ مەيداننى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

......«سىنىپلارنى يىكار قىلىش ۋە سىنىپلار بىلەن بىللە دولەتنى يىكار قىلىشقا ئوتۇش ئۈچۈن، پرولېتارىيات سىياسى ھەركەت قوللىنىشى، دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشى كېرەك»...... (55 - بەت)

سوز - ئىبارىلەرگىلا ئولۇك ھالدا ئېسىلىۋېلىشقا خۇشتار تەنقىتچىلەر ياكى «ماركسىزمنى ئاياق ئاستى قىلىدىغان» بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار، ئېھتىمال، بۇ يەردە «دولەتنىڭ يىكار قىلىنىشى»نى **ئېتىراپ قىلىش** بىلەن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان «ديۇرىڭغا قارشى»دىن كەلتۈرۈلگەن بىر ئابزاس بايانىدا يەنە بۇ كۈرەشنى ھوكۇمەتسىزلىك كۈرەشى قىلىپ ئىنكار قىلىشنى بىر بىرىگە زىت دەپ ھېساپلىشى مۇمكىن. ئەگەر جىخۇيجۇيچىلار ئېنگېلسنى «ھوكۇمەتسىزچى» دەپ ھېساپلىسا، بۇ ھېچقانچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى سوتسىيال شوۋىنىزىمچىلارنىڭ ئىنتېرناتسونالىزىمچىلارنى ھوكۇمەتسىزلەر دەپ ئەيىپلەش كەيپىياتلىرى ھازىر بارغانسىرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ.

دولەت سىنىپلارنىڭ يىكار قىلىنىشى بىلەن بىللە يىكار قىلىنىدۇ،

بۇ ــ ماركسىزىمنىڭ بىزگە دائىم بېرىپ كەلگەن تەلىمى. «دېۋرىڭغا قارشى»دىكى «دولەتــنىڭ هالاك بولۇپ بېرىــشى» توغرىسىدىــكى ھەممىگە ئايان باياندا، ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ دولەتنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانــلىغى نوقۇل ھالدا ئەيىپلەنــگەن ئەمەس، بەلكى دولەتنى «بىر كۈن ئىچىدىلا» بىكار قىلىشنى تەرغىــپ قىلغانلىغى ئەيىپلەنگەن.

ھازىر ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغان «سوتسىيال-دېموكرا-تىزىم»لىق تەلىمات ماركــسىزىمنىڭ دولەتنى يوقىتىش مەسىلىسىدە ھوكۇمەتسىزلىككە تۇتــقان پوزىتسىيىــسىنى پۈتۈنلەي بۇرمىــلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ماركــس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن قىلــغان بىر قېتىمــلىق بەس-مۇنازىرىــسىنى ئەســلەپ ئۆتۈشىمىز بەكمۇ پايدىلىق.

## 2. ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن بولغان بەس-مۇنازىرە

بۇ قېتىمقى بەس-مۇنازىرە 1873-يىلى بولغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس پرۇدونىزىمچىلارغا يەنى «ئاپتونومىيە قارىشىدىكىلەر» ياكى «نوپۇزغا قارشى تۇرغۇچىلار»غا رەددىيە بېرىپ يازغان ماقالىلىرىنى ئىتالىيىدىكى بىر سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتــكەن، بۇ ماقالــلار 1913-يىلى ئاندىن نېمىسچىــغا تەرجىمە قىلىنىپ «يېڭى دەۋر»دە ئېلان قىلىنغان[17].

ماركس ھوكۇمەتــسىزلەرنىڭ سىياسىنى ئىنكار قىلغانلىغىنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەپ يازــدۇ: ...... «ئەگەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسى كۈرەشــلىرى ئىنقىــلاۋىي شەكىل ئالىدىغان

بولسا، ئەگەر ئىشچىلار بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىدىغان بولسا، ئۇلار پىرىنسىپنى ھاقارەتلەيدىغان ئىنتايىن زور جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدىكەن، چۈنكى ئىشچىلار ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن، ئەقەللىي بولغان كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قورالنى تاشلىمايدۇ، دۆلەتنى بىكار قىلمايدۇ، بەلكى دۆلەتكە بىر خىل ئىنقىلاۋىي، ۋاقىتلىق شەكىل بېرىدۇ» ...... (1913—1914 ـ يىللار «يېڭى دەۋر»نىڭ 32 ـ يىل توپلىمى، 1 ـ توم، 40 ـ بەت)

ماركس ھوكۇمەتسىزلەرگە رەددىيە بەرگەن چاغدا، پەقەت دۆلەتنى ئەنە شۇنداق «بىكار قىلىش»قىلا قارشى تۇرغان ئىدى! ماركس دۆلەتنىڭ سىنىپلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە يوقىلىدىغانلىقىغا ياكى دۆلەتنىڭ سىنىپلارنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن بىللە بىكار قىلىنىدىغانلىقىغا ئەسلا قارشى تۇرمىغان، بەلكى ئىشچىلارنى قورال ئىشلىتىشتىن ۋازكەچتۈرۈشكە، تەشكىللىك تۈردە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋازكەچتۈرۈشكە **يەنى** «بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلىش» مەقسىدى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان **دۆلەتتىن ۋازكەچتۈرۈشكە** قارشى تۇرغان.

ماركس ئۆزىنىڭ ھوكۇمەتسىزلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈرولېتارىيات مۇھتاج بولغان دۆلەتنىڭ «ئىنقىلاۋىي، **ۋاقىتلىق** شەكىل»گە ئىگە بولىدىغانلىقىنى مەقسەتلىك ھالدا ئالاھىدە كۆرسەتتى. پۈرولېتارىياتنىڭ دۆلەتكە مۇھتاج بولۇشى پەقەت ۋاقىتلىق. بىزمۇ ھوكۇمەتسىزلەردەك دۆلەتنى بىكار قىلىشنى

**مەقسەت** دەپ قارايمىز، بۇ مەسىلىدە پۈتۈنلەي **ئىختىلاپ يوق.** لېكىن، كېيىن ئېيتىمىزكى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، خۇددى سىنىپلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ۋاقىتلىق دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈش زۆرۈر بولغىنىدەك، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا **قارشى تۇرۇشتا** دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قورالى، ۋاستىسى، ئۇسۇلىدىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىش شەرت. ماركس ھوكۇمەتسىزلەرگە رەددىيە بەرگەندە، مەسىلىنى ئەنە شۇنداق قويىدۇ: ئىشچىلار كاپىتالىستلارنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، «قورالنى تاشلىشى» كېرەكمۇ، ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كاپىتالىستلارغا قارشى تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلىشى كېرەكمۇ؟ بىر سىنىپ قورالىدىن سىستېمىلىق پايدىلىنىپ يەنە بىر سىنىپقا قارشى تۇرۇشتا، ئەگەر بۇنداق «ۋاقىتلىق شەكىل» بولغان دۆلەتتىن پايدىلانمىسا نېمىدىن پايدىلىنىدۇ؟

ھەر بىر سوتسىيال دېموكرات ئۆزىگە: مەن ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلغاندا، دۆلەت مەسىلىسىنى **مۇشۇنداق** قويىدۇمۇ؟ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەسمىي سوتسىيالىستلار پارتىيىلىرى دۆلەت مەسىلىسىنى **مۇشۇنداق** قويدىمۇ؟ دەپ سوئال قويۇپ بېقىشى كېرەك.

ئېنگېلس شۇ بىر ئىدىيىنى تېخىمۇ تەپسىلى، تېخىمۇ ئاممىباپ قىلىپ شەرھلەيدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن پرۇدونىزمچىلارنىڭ ئۆز-لىرىنى «نوپۇزغا قارشى تۇرغۇچىلار» دەپ ئاتىۋېلىپ، ھەرقانداق نوپۇزنى، ھەرقانداق بويسۇنۇشنى، ھەرقانداق ھاكىمىيەتنى ئىنكار قىلىدىغان مۇجمەل چۈشەنچىسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئېنگېلس

مۇنـداق دەيـدۇ: زاۋۇت، تومۇريول، دېڭىز پاراخودىنى ئالايلى، بۇلار ـــ ماشىنا ئىشلىتىدىغان، نۇرغۇن ئادەملەر پىلانلىق ھالدا بىللە ئىشلەيدىغان مۇرەككەپ تېخنىكىلىق كارخانىلار، ئەگەر بەلـگىلىك بويسۇنۇش بولمىسا، دېـمەك، بەلـگىلىك نوپۇز ياكى ھاكىمىيەت بولمىسا، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ھەركەتـلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، بۇ تېخى ئېنىق ئەمەسمۇ؟

ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىـدۇ:......«ئەگەر مەن بۇنداق دەلىلـلەر بىلەن ئەڭ جاھـىل نوپۇزغا قارشى تۇرغۇچـىلارغا قارشى چىقـسام، ئۇلار ماڭـا: "دۇرۇس! بۇ توغـرا، لېـكىن گەپ بۇ يەردە بىز ئۇز ۋەكىللىرىمىزگە بېرىلگەن ئەنە شۇنداق نوپۇز ئۈستىدە ئەمەس، **بەلكى مەلۇم ھاۋالە** ئۈستىدە بارىدۇ" دـېگەن جاۋاپـنىلا بېرىشى مۇمـكىن. بۇ كىشـلەر، مەلۇم بىر شەيئىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلسىلا، شۇ شەيئىنىڭ ئۆزى ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارايدۇ» ......

شۇنـداق قىلـىپ، ئېنگېـلس نوپۇز بىلەن ئاپـتونومىيـىنىڭ ئىككىلىسى نىسبى ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى تەتبىق قىلىشـنىڭ دائىرىسى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخـشاش بولمىغان باسقۇچـلىرىغا ئەگىشىپ ئۆزگـىرىپ تۇرىـدىغانـلىقىنى، ئۇلارنى مۇتـلەق نەرسە دەپ قاراشنىڭ بىمەنىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتىـدۇ ھەمدە ماشىنـىلارنى ئىشـلىتىشنىڭ ۋە چوڭ كولەمـدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دائىرىسى كۇنـدىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتـقانلىقىنى قوشۇمـچە قىلىپ ئۆتىـدۇ، ئاندىن ئېنگېلس نوپۇز مەسىلىسىدىكى ئومۇمى باياندىن دۆلەت مەسىلىسىگە ئۆتىدۇ.

ئېنگېلس مۇنـداق دەپ يازىدۇ: ...... «ئەگەر ئاپتونومىيە

قارىشىدىكىلەر، كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پەقەت ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى مۇقەررەر يوسۇندا تەلەپ قىلغان چەكلىمە ئىچىدىلا نوپۇزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويىدۇ، دېمەكچىلا بولسا ئىدى، ئۇ هالدا، ئېھتىمال، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئورنى بولغان بولاتتى. لېكىن، ئۇلار نوپۇزنى زورۇر قىلىپ قويغان بارلىق پاكىتلارنى كورمەي، سوز مەنىسىگىلا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

نوپۇزغا قارشى تۇرغۇچىلار نېمە ئۈچۈن سىياسى نوپۇزغا قارشى، دولەتكە قارشى ۋاقىراش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ؟ بارلىق سوتسىيالىزىمچىلار، دولەت ۋە سىياسى نوپۇز كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي ئىنقىلاپلار سەۋەبىدىن يوقىلىدۇ، يەنى ئىجتىمائىي جىزنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسى خاراكتېرىنى يوقىتىپ، جەمىيەت مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئاددى باشقۇرۇش جىزنىغا ئايلىنىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. لېكىن، نوپۇزغا قارشى تۇرغۇچىلار سىياسى دولەتنى تۇغدۇرغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىكار قىلىنىشتىن بۇرۇن سىياسى دولەتنى بىراقلا بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار نوپۇزنى بىكار قىلىشنى ئىجتىمائىي ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى ھەركىتى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ ئەپەندىلەر ئىنقىلاپنى كورگەنمىدىكىن؟ شۈبھىسىزكى، ئىنقىلاپ دۇنيادا ئەڭ نوپۇزلۇق نەرسە. ئىنقىلاپ بىر قىسىم كىشىلەر مىلتىق، سىداۋ، زەمبىرەكلەر يەنى ئىنتايىن نوپۇزلۇق ۋاستىلەر بىلەن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە ئۆز ئىرادىسىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. غەلىبىگە ئېرىشكەن پارتىيە شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىككى، ئۇ ئۆز

قورالىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە سالغان تەھلىكىسىگە تايىنىپ ئۆز ھوكۇمرانلىغىنى ساقلىمىسا بولمايدۇ. پارىژ گۇڭشېسى ئەگەر بۇرژۇئازىيىگە تاقابىل تۇرىدىغان قوراللىق خەلقتىن ئىبارەت بۇ نوپۇزغا تايانمىغان بولسا، ئۇ بىر كۈندىن ئارتۇق تۇرالايتتىمۇ؟ ئەكسىچە ئېيتقاندا، بىز گۇڭشېنى بۇ نوپۇزدىن بەكمۇ ئاز پايدىلاندى دەپ ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئەمەسمۇ؟ قىسقىسى، ئىككىنىڭ بىرى. ياكى نوپۇزغا قارشى تۇرغۇچىلار ئۆزىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇلار پەقەت مۇجمەل چۈشەنچىنى تارقاتقان بولىدۇ؛ ياكى ئۇلار بۇنى بىلىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇلار پرولېتارىيات ئىشلىرىغا ئاسىلىق قىلغان بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا، ئۇلار پەقەت ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كەتمىنىنى چاپىدۇ.» (39 ـ بەت)

بۇ بايانلاردا دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىش مەزگىلىدىكى سىياسى بىلەن ئىقتىساتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى (بۇ مەسىلىدە توۋەندىكى باپتا مەخسۇس توختىلىمىز) تەكشۈرگەندە تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ بولسىمۇ ئىجتىمائى جژنېڭنىڭ سىياسى جژنېڭدىن ئاددى باشقۇرۇش جژنېڭغا ئايلىنىشى توغرىسىدىكى مەسىلە ۋە «سىياسى دولەت» توغرىسىدىكى مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ كېيىنكى سوز بولۇپمۇ ئاسانلا ئۇقۇشۇلماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىش جەريانىنى كورسىتىدۇ: ھالاك بولۇپ بېرىۋاتقان دولەتنى ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا غەيرى سىياسى دولەت دەپ ئاتىسا بولىدۇ.

ئېنگېلسنىڭ بۇ بايانلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل يېرى — يەنىلا ئۇنىڭ ھوكۇمەتسىزلەرگە رەددىيە بېرىش مەسىلىسىنى قويغانلىقى. ئېنگېلسنىڭ شاگىرتى بولۇشنى خالىغان سوتسىيال دېموكراتلار 1873-يىلدىن بۇيان ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن ھەددى - ھېساپسىز تالاش-تارتىش قىلىپ كەلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشتا قوللانغان پوزىتسىيىسى دەل ماركسىزىمچىلار قوللىنىدىغان ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان پوزىتسىيە **ئەمەس**. ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ دولەتنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى مۇجمەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە **ئىنقىلاۋىي ئەمەس**، — ئېنگېلس مەسىلىنى ئەنە شۇنداق قويغان ئىدى. ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ كورۇشنى خالىمايدىغىنى — دەل ئىنقىلاپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى، دەل ئىنقىلاپنىڭ زورلۇق كۈچ، نوپۇز، ھاكىمىيەت، دولەتكە نىسبەتەن ئالاھىدە ۋەزىپىسى.

ھازىر سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئادەتتە ھوكۇمەتسىزلىككە بەرگەن تەنقىدىنى پۈتۈنلەي مەشچانلارچە، ئىنتايىن چاكىنا بولغان مۇنۇ بىر جۈملە سوزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: «بىز دولەتنى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن ھوكۇمەتسىزلەر ئېتىراپ قىلمايدۇ!» تەبىئىكى، بۇنداق چاكىنا مۇقاملار ئاز - تولا پىكىر قىلالايدىغان ئىنقىلاۋىي ئىشچىلارنى يىرگىندۈرمەي قالمايدۇ. ئېنگېلس مەسىلىنى بۇنداق قويمىغان. ئۇ بارلىق سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ، دولەتنىڭ يوقىلىشى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ نەتىجىسى، دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى نۇقتىلىق كورسىتىپ ئوتكەن. ئاندىن ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى مەسىلىنى كونكرىت ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ مەسىلە دەل جىخۇيجۇيىچى سوتسىيال دېموكراتلار ئادەتتە سوزلەشتىن

باش تارتقان ۋە ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ مەخسۇس «تەتقىق» قىلىشىغا قالدۇرۇلغان مەسىلە. ئېنگېلس بۇ مەسىلىنى قويۇش بىلەنلا مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تۇتۇۋالغان: گۇڭشى **دۆلەتنىڭ ئىنقىلاۋى** ھاكىمىيىتىدىن يەنى قوراللانغان ۋە ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقان پرولېتارىياتنىڭ **ئىنقىلاۋى** ھاكىمىيىتىدىن **تېخىمۇ كۆپ** پايدىلىنىشقا ھەقلىق ئەمەسمىدى؟

ھازىر ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋالغان رەسمى سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپتىكى كونكرېت ۋەزىپىسى مەسىلىسىگە ئادەتتە چاكىنىلارچە مەسخىرە بىلەن ئاددى ھالدا يۈزە مۇئامىلە قىلىدۇ، كۆپ دېگەندىمۇ قاندىقتۇ «كەلگۈسىدە كۆرەرمىز» دەپ مۇغەممبرلىك بىلەن كوز بويىمچىلىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھوكۇمەتسىزلەر بۇنداق سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنى ئەيىپلەشكە، ئۇلارنى، ئىشچىلارغا ئىنقىلاۋى تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسىدىن ۋازكەچتى، دەپ ئەيىپلەشكە ھەقلىق. ئېنگېلسنىڭ يېقىنقى بۇ قېتىمقى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىسىنى قوللىنىشى دەل پرولېتارىياتنىڭ بانكا ۋە دۆلەتكە نىسبەتەن زادى قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىنتايىن كونكرېت تەتقىق قىلىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى.

## 3. بېبېلغا خەت

ئېنگېلسنىڭ 1875 - يىل 3-ئاينىڭ 18 — 28 - كۈنلىرى بېبېلغا يازغان خېتىدە مۇنداق بىر ئابزاس سوز بار، بۇ سوز ئەگەر ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ دۆلەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىل بايان ھېساپلانمىغاندىمۇ، ئەڭ

ئېسىل بايانلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەيكى، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ خەتنى بېيېل بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ 1911 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسلىمىلىرى («مېنىڭ ھاياتىم»)نىڭ ئىككىنچى تومىدا يەنى ئېنگېلس بۇ خەتنى يېزىپ ۋە ئەۋەتىپ 36 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلغان.

ئېنگېلس بېبېلغا يازغان خېتىدىمۇ ماركس براككېغا يازغان مەشھۇر خېتىدە پېيەن قىلغان گوتا گاڭلىگى لايىھىسىنى پېيەن قىلغان ھەمدە دولەت مەسىلىسىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

......«ئەركىن خەلق دولىتى ئەركىن دولەتكە ئايلىنىپ قالغان. سوز مەنىسىدىن قارىغاندا، ئەركىن دولەت ئۆز گۇڭمىنلىرىغا ئەركىن مۇئامىلە قىلىدىغان دولەت يەنى مۇستەبىت ھوكۇمەتكە ئىگە دولەت دىگەن بولىدۇ. دولەت توغرىسىدىكى بۇ بارلىق يوقىلاڭ گەپلەرنى تاشلىۋېتىش كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ پارىژ گۇڭشېسىدىن كېيىن شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، پارىژ گۇڭشېسى ئەسلى مەنىدىكى دولەت بولغان ئەمەس ئىدى. گەرچە ماركسنىڭ پرۇدونىغا رەددىيە بەرگەن ئەسەرلىرى ۋە كېيىنكى "گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى" سوتسىيالىستىك جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دولەتنىڭ ئۆز ئۆزىدىن پارچىلىنىدىغانلىقى (sich auflöst) ۋە يوقىلىدىغانلىقىنى بىۋاستە كورسەتكەن بولسىمۇ، ھوكۇمەتسىزلەر "خەلق دولىتى" دىگەن سوز بىلەن تازا زىتىمىزغا تەگدى. دولەت پەقەت كۈرەش داۋامىدا، ئىنقىلاپ داۋامىدا دۈشمەنلەر ئۈستىدە زورلۇق كۈچ بىلەن چوقۇم باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ۋاقىتلىق

ئورگان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئەركىن خەلق دولىتى ھەققىدە سوزلەپ ئولتۇرۇش ساپ ئاساسسىز سوز بولىدۇ: پرولېتارىيات دولەتكە تېخى **مۇھتاج** چاغدا، ئۇ دولەتكە ئەركىنلىك ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئوز دۇشمەنلىرىنى باستۇرۇش ئۇچۇن مۇھتاج، ئەركىنلىك ھەققىدە سوزلەش مۇمكىن بولغان چاغدا، دولەتنىڭ ئوزىمۇ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز **دولەت** دىگەن سوزنىڭ ھەممىسىنى "گۇمۇنىتىت" (Gemeinwesen) دەپ ئوزگەرتىشنى تەكلىپ قىلىمىز، بۇ ناھايىتى ياخشى نېمىسچە قەدىمقى سوز بولۇپ، فرانسۇزچىدىكى "كوممۇنا" دىگەن سوزگە توغرا كېلىدۇ.» (نېمىسچە ئەسلى نۇسخا، 321 ــ 322-بەتلەر)[18]

شۇنى كورسىتىش كېرەككى، بۇ خەت پارتىيە گاڭلىڭى ئۈستىدە توختالغان، مۇشۇ خەت يېزىلىپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىنلا ماركس يازغان بىر پارچە خېتىدىمۇ (ماركسنىڭ خېتى 1875-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۇنى يېزىلغان ئىدى) بۇ پارتىيە گاڭلىڭىنى پىپەن قىلغان ئىدى؛ شۇ چاغدا ئېنگېلس ماركس بىلەن بىللە لوندوندا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئېنگېلس ئەڭ ئاخىرقى بىر جۇملە سوزىدە «بىز» دىگەن سوزنى ئىشلەتكەن، شۇبھىسىزكى، ئۇ ئوزى ۋە ماركسنىڭ نامىدىن گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىگە «دولەت» دىگەن سوزنى **پارتىيە گاڭلىڭىدىن چىقىرىپ تاشلاپ**، ئۇنىڭ ئورنىغا **«گۇمۇنىتىت»** دىگەن سوزنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلغان.

ئەگەر جىخۇيجۇيىچىلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ساختىلىق بىلەن ياساپ چىقىرىلغان ھازىرقى بۇنداق «ماركسىزىم» باشلىقلىرىغا پارتىيە گاڭلىڭىنى مۇشۇنداق تۇزىتىش توغرىسىدا

تەكلىپ بېرىلسە، ئۇ هالدا، ئۇلار نەقەدەر كاپىشىپ، بۇ «هوكۇمەتسىزلىك» دەپ تىللىغان بولاتتى ـ هە!

ئۇلار كاپىشىۋەرسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرژۇئازىيە ئۇلارنى ماختايدۇ.

بىز يەنىلا ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرىمىز. پارتىيىمىزنىڭ گاڭگىلىقىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنى ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزىمغا قىلىنغان بۇرمىلاشلارنى تازىلاپ ماركسىزىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشىگە تېخىمۇ توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئېنگېلس بىلەن ماركسىنىڭ پىكرىنى مۇتلەق نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم. بولشېۋىكلار ئىچىدە ئېنگېلس بىلەن ماركسىنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرغۇچىلار، بەلكىم، بولمىسا كېرەك. قىيىنچىلىق بولسا پەقەت ئاتالغۇ ئۈستىدىلا بولار. نېمىسچىدا ئىككى سۆز بولۇپ، ئىككىلىسى «گۇڭتۇەن» مەنىسىدە ئىزاھلىنىدۇ، ئېنگېلس قوللانغان بۇ ئاتالغۇ يەككە گۇڭتۇەنگە قارىتىلغان **ئەمەس**، بەلكى گۇڭتۇەننىڭ ئومۇمى يىغىندىسىغا يەنى گۇڭتۇەن تىشسىگە قارىتىلغان. رۇسچىدا مۇنداق سۆز يوق، ئېهتىمال، فرانسۇزچە «گۇڭشې» دىگەن سۆزنى قوللىنىشقىلا توغرا كېلەر، گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قولايسىز تەرەپلىرى بولسىمۇ.

«گۇڭشې ئەسلى مەنىدىكى دولەت بولغان ئەمەس» — بۇ ئېنگېلسنىڭ نەزىرىيە جەھەتتىكى ئەڭ موھىم هوكمى. يۇقۇرىدىكى بايانىنى كورگەندىن كېيىن، بۇ هوكۇم پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك بولۇپ قالىدۇ. گۇڭشې دولەت **بولماي قالدى**، چۈنكى گۇڭشېنىڭ باستۇرىدىغىنى ئاھالىنىڭ زور كوپچىلىگى ئەمەس، بەلكى ئاھالىنىڭ

ئازچىلىغى (ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار)؛ ئۇ بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى؛ ئاھالە ئۆزى تەختكە چىقىپ، باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان **ئالاھىدە** كۈچنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى مەنىدىكى دۆلەت بولغان ئەمەس. ئەگەر كۈتكۈچى مۇستەھكەملەنگەن بولسا، ئۇ ھالدا، كۈتكۈچىدا دۆلەتنىڭ ئىزى ئۆز ئۆزىدىن «ھالاك بولۇپ بېرىشى» مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنى «بىكار قىلىشى» ھاجەتسىز بولاتتى، چۈنكى دۆلەت ئورگانلىرى بارا ـ بارا قىلىدىغان ئىشى قالماي ئۆز رولىنى يوقىتاتتى.

«ھوكۇمەتسىزلەر "خەلق دۆلىتى" دېگەن سۆز بىلەن زېتىمىزغا تەگدى»، ـــ ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزى ئالدى بىلەن باكۇنىنغا ۋە ئۇنىڭ گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىغا قىلغان ھۇجۇمىغا قارىتىلغان. ئېنگېلس، ئۇنىڭ ھۇجۇمى توغرا، **چۈنكى** «خەلق دۆلىتى» «ئەركىن خەلق دۆلىتى»گە ئوخشاش ئاساسسىز سۆز بولۇپ، ئىككىلىسى سوتسىيالىزىمدىن چەتلىگەن، دەپ ھېساپلىغان. ئېنگېلس گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ھوكۇمەتسىزلەرگە قارشى كۈرىشىنى تۈزىتىشكە، بۇ كۈرەشنى پىرىنسىپ جەھەتتىن توغرا قىلىشقا، ئۇنىڭ «دۆلەت» مەسىلىسىدىكى خىلمۇ ـ خىل جىنخۇيجۇيىلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى تازىلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان. ئەپسۇس! ئېنگېلسنىڭ بۇ خېتى 36 يىل بېسىپ قويۇلدى. بىز تۆۋەندە بۇ خەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ كائۇتسكىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېنگېلس ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتكەن خاتالىقلارنى يەنە جاھىللىق بىلەن تەكرارلىغانلىغىنى كۆرىمىز.

بېبېل 1875 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېنگېلسقا جاۋاپ خەت

يازغان، ئۇ خېتىدە ئېنگېلسنىڭ گاگلىك لايىھىسى توغرىسىدىكى ھوكمىگە «پۈتۈنلەي قوشۇلىدىغانلىقى» ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئوتكەن ھەمدە ئوزىنىڭ لىبكنېختنىڭ يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى ئەيىپلىگەنلىكىنى ئېيتقان (بېبېل ئەسلىمىلىرىنىڭ نېمىسچە نەشرى، 2 ـ توم، 334 ـ بەت). لېكىن بېبېلنىڭ «بىزنىڭ مەقسىدىمىز» (‹Unsere Ziele›) دىگەن كىتاپچىسىنى ئالساق، دولەت توغرىسىدا پۈتۈنلەي ناتوغرا بولغان بەزى مۇھاكىمىلەرنى كورىمىز:

«دولەت سىنىپىي ھوكۇمرانلىققا ئاساسلانغان دولەتتىن خەلق دولىتىگە ئايلىنىشى لازىم.» («بىزنىڭ مەقسىدىمىز»، 1886 ـ يىل، نېمىسچە نەشرى، 14 ـ بەت)

مانا بۇ ــ بېبېلنىڭ ئەشۇ كىتاپچىسىنىڭ **توققۇزىنچى** نەشرى (توققۇزىنچى نەشرى!) دىكى سوز! بولۇپمۇ ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىزاھلىرى باشقىلار تەرىپىدىن بېسىپ قويۇلۇپ، پۈتۈن تۇرمۇش شارائىتى ئىنقىلاپنى ئۇزاققىچە كىشىلەرنىڭ «ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان» بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دولەت مەسىلىسىدىكى جىخۇيجۇيىلىق مۇھاكىمىلەرنى يەنىلا شۇ قەدەر جاھىللىق بىلەن تەكرارلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

## 4. ئېرفۇرت گاگلىكى لايىھىسىگە پىپەن

ماركسىزىمنىڭ دولەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تەھلىل قىلغاندا، ئېنگېلسنىڭ 1891 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كائۇتسكىغا ئەۋەتىپ 10 يىل ئوتكەندىن كېيىن ئاندىن «يېڭى دەۋر»دە ئېلان قىلىنغان ئېرفۇرت گاگلىكى لايىھىسىگە[19] پىپەنىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ماقالىدا، ئاساسەن، سوتسىيال ـ دېموكراتلار

پارتىيىسىنىڭ **دۆلەت** تۈزۈلۈشى مەسىلىسىدىكى **جىخۇيجۇيىلىق** نۇقتىنەزىرى پىپەن قىلىنغان.

كېزى كەلگەندە كورسىتىپ ئۆتەيكى، ئېنگېلس يەنە ئىگىلىك مەسىلىسى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك يولىيورۇق بەرگەن ئىدى، بۇ ئېنگېلسنىڭ ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمىنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنى نەقەدەر ئىنچىكە، نەقەدەر چوڭقۇر تەكشۈرگەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ نوۋەتتە جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ۋەزىپىلەرنى نەقەدەر ماھىرلىق بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئالدىنالا ئويلاپ يەتكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ گاڭلىك لايىھىسى كاپىتالىزىمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى «پىلانسىزلىق» (Planlosigkeit) دىگەن سوز بىلەن چۈشەندۈرگەنلىكتىن، ئېنگېلس شۇ يولىيورۇقنى بەرگەن، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

......«ئەگەر بىز ھەسسەدارلىق گۇڭسىسىدىن ئۆتۈپ پۈتكۈل سانائەت تارماقلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ۋە لۇڭدۇەن قىلىۋاتقان تىرېستلارغا نەزەر سالساق، ئۇ ھالدا، ئۇ يەردە خۇسۇسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختايدىغانلىغىنىلا ئەمەس، بەلكى پىلانسىزلىقنىڭمۇ بولمايدىغانلىغىنى كورىمىز.» (1901 — 1902 ـ يىللار، «يېڭى دەۋر»نىڭ 20 ـ يىل توپلىمى، 1 ـ توم، 8 ـ بەت)

بۇ يەردە ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمغا يەنى جاھانگىرلىككە نەزىرىيە جەھەتتىن باھا بېرىشتە ئەڭ ئاساسلىق نەرسە يەنى كاپىتالىزىمنىڭ لۇڭدۇەن **كاپىتالىزىمغا** ئايلانغانلىغى كورسىتىلگەن. ئاخىرىدىكى كاپىتالىزىم دىگەن سوزنى قارا ھەرپ بىلەن تەكىتلەپ كورسىتىش كېرەك، چۈنكى ھازىر ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان بىر خىل خاتالىق بۇرژۇئا گەيلياڭجۇيىچىلىرىنىڭ قانداقتۇ لۇڭدۇەن

كاپىتالىزىم ياكى دۆلەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزمى كاپىتالىزىم **بولماي قالىدى**، ئۇنى «دۆلەت سوتسىيالىزىمى» دەپ ئاتىسا بولىدۇ ۋاھاكازا دېگەن ھوكىمدىن ئىبارەت. مۇكەممەل پىلانچانلىق ترېستلاردا ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، بەلكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. گەرچە ترېستلاردا پىلانچانلىق بولغان، چوڭ كاپىتال خوجايىنلىرى بىر دۆلەت دائىرىسىدىكى ھەتتا خەلقارا دائىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كولەمىنى ئالدىن ھېساپقا ئالغان، ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىق تۈردە تەڭشەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىر يەنىلا **كاپىتالىزىم** شارائىتىدا تۇرماقتا، گەرچە ئۇنىڭ يېڭى باسقۇچىدا بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كاپىتالىزىم شارائىتىدا تۇرۇۋاتقانلىقى شۈبھىسىز. پرولېتارىياتنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرىنىڭ قارىشىچە، **بۇنداق** كاپىتالىزىمنىڭ سوتسىيالىزىمغا «يېقىنلىشىشى» پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس ئەمەسلىكىنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەرگىز بارلىق گەپلىياگجۇيېچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئىنكار قىلىشىغا ۋە كاپىتالىزىمنى پەدەزلىشىگە تاقەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ.

ئەمدى بىز دۆلەت مەسىلىسىگە قايتايلى. ئېنگېلس بۇ يەردە ئالاھىدە قىممەتلىك 3 خىل يوليورۇق بەرگەن: بىرىنچىسى جۇمھۇرىيەت مەسىلىسى توغرىسىدا؛ ئىككىنچىسى مىللى مەسىلىنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا؛ ئۈچىنچىسى يەرلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدا.

جۇمھۇرىيەتكە كەلسەك، ئېنگېلس بۇنى ئېرفۇرت گاڭلىكى

لايىھەسىگە پىپەننىڭ موھىم نۇقتىسى قىلغان. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا ئېرفۇرت گائۇلىگىنىڭ پۈتۈن خەلقارا سوتسىيال - دېموكراتىك ھەركەتتە قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ نەمۇنىسى بولغانلىقى ئېسىمىزدە بولسا، ئۇ ھالدا، قىلچە مۇبالىغە قىلماي ئېيتالايمىزكى، ئېنگېلس بۇ يەردە پۈتكۈل ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال جىنخۇيجۇيىسىنى پىپەن قىلىدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «لايىھەنىڭ سىياسى تەلۋىدە ناھايىتى چوڭ بىر كەمچىلىك بار. ئەسلىدە ئېيتىلىشقا تېگىشلىك نەرسە *بۇ يەردە ئېيتىلمىغان*. (تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان)»

ئارقىدىن، ئېنگېلس مۇنداق دەپ ئىزاھلايدۇ: گېرمانىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، ماھىيەتتە، 1850 - يىلدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچىل ئاساسىي قانۇننىڭ كوچۇرۇلمىسى؛ خۇددى ۋىلگېلم لىبكنېخت ئېيتقاندەك، دىگو گوخۇيى «مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ ئەۋرەت لاتىسى»دىنلا ئىبارەت؛ ھەرقايىسى كىچىك شىتاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى، گېرمانىيىدىكى ھەرقايىسى كىچىك شىتاتلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشىنى بەلگىلىگەن ئاساسىي قانۇن ئاساسىدا «بارلىق ئەمگەك قوراللىرىنى ئومۇم مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇش، «روشەنكى، بىمەنىلىك».

«بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەش خەتەرلىك»، — دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ ئېنگېلس، — چۈنكى ئۇ گېرمانىيىدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەلۋىنى گائۇلىگدا ئاشكارا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. لېكىن، ئېنگېلس بۇ سەۋەپنىڭ روشەنلىكى، «كوپچە-

لىك»نىڭ رازى بولغانلىغى بىلەنلا بولدى قىلىۋەتمىگەن. ئۇ ئارقىدىنلا مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن ئىشنى ھامان ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ نەقەدەر زورۇرلۇگىنى ھازىر سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ خېلى كوپ قىسىم مەتبۇئاتلىرىدا تارقىلىۋاتقان (einreissende) جىنخۇي-جۇيى دەل جايىدا ئىسپاتلىدى. ھازىر بەزىلەر سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇنىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۇرۇلۇشىدىن قورقۇپ، ياكى بۇ قانۇن ھوكۇم سۇرگەندە ۋاقىتسىز ئېلان قىلىنغان بىرقانچە باياناتنى ئەسلەپ، پارتىيىگە، گېرمانىيىدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنىنىڭ تەرتىپلىرى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ بارلىق تەلىۋىنى تىنچ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ»......

گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ھەركىتى ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە قانۇنىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۇرۇلۇشىدىن قورققانلىغىدىن بولغان، ئېنگېلس بۇ موھىم پاكىتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن جىنخۇيجۇيى دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە گېرمانىيىدە جۇمھۇرىيەت تۇزۇمى ۋە ئەركىنلىك بولمىغانلىغى ئۇچۇنلا، «تىنچ» يولدا مېڭىش خام خىيالنىڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىكەنلىگىنى چۇشەندۇرۇپ ئوتىدۇ. ئېنگېلس ئىنتايىن ئېھتىيات قىلغان، ئۇ ئوزىنىڭ پوت-قولىنى چۇشەپ قويمىغان. ئۇ جۇمھۇرىيەت تۇزۇمىدىكى دولەتلەردە ياكى تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە دولەتلەردە سوتسىيالىزىمغا قاراپ تىنچ تەرەققى قىلىشنى «تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ» (پەقەتلا «تەسەۋۋۇر»!) دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن گېرمانىيىدە دەپ تەكرارلايدۇ، — ئۇ:

......«گېرمانىيىدە ھوكۇمەت چەكسىز دىگۇدەك ھوقۇققا ئىگە، دىگىر گوخۇيىدا ۋە باشقا بارلىق ۋاكالەت ئورگانلىرىدا قىلچە ئەمىلىي ھوقۇق يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، گېرمانىيىدە شۇ خىلدىكى مەلۇم بىرنىمىنى ئېلان قىلىش بەلكى بۇنداق نىمىنى ھېچقانداق زورۇرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا ئېلان قىلىش مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋرەت لاتىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، قىپ ـ يالىڭاچ نەرسىنى ئۆزى بېرىپ يېپىپ قويغانلىق»......

گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى بۇ يولىيورۇقنى «تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويدى»، پارتىيىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك رەسمى رەھبەرلىرى، دەرۋەقە، مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋرىتىنى ياپقۇچىلارغا ئايلىنىپ قالدى.

...... «بۇنداق سىياسەت، ئاخىرقى ھېساپتا، پارتىيىنى پەقەت ئېزىتقۇ يولغا ئېلىپ بارىدۇ. كىشىلەر ئادەتتىكى، چۇشياڭ سىياسى مەسىلىلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، شۇنداق قىلىپ، زور ۋەقە يۈزبېرىپ قالسا، سىياسى ۋېيىجى بولۇپ قالسا، ئۆز ئۆزىدىن كۈنتەرتىپكە قويۇلىدىغان جىددى كونكرىت مەسىلىلەرنى ياپىدۇ. بۇ پارتىيىنى ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە ئۇشتۇمتۇت ئىلاجسىزلىققا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەر زادى مۇزاكىرە قىلىنمىغانلىغى ئۈچۈن پارتىيىنى تونۇشى مۇجمەل بولۇش، پىكىردە بىردەك بولالماسلىقتەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن تاشقىرى، يەنە قانداق نەتىجە بەرسۇن......

كوز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ تۈپ ئۇلۇق تەدبىرلەرنى ئۇنتۇش، بىر دەملىك ئۇتۇقنىلا كوزلەپ ئاقىۋەت

بىلەن ھېساپلاشماسلىق، ھەركەتنىڭ ھازىرىنى دەپ كەلگۈسىنى قۇربان قىلىش — مانا بۇنداق قىلىقلار، ئېھتىمال، «سەمىمى» مۇددىئادىن كېلىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ — جىخۇيجۇيى، باشتىن - ئاخىر جىخۇيجۇيى، بەلكى «سەمىمى» جىخۇيجۇيى، ئېھتىمال، باشقا بارلىق جىخۇيجۇيىغا قارىغاندا تېخىمۇ خەتەرلىك......

ئەگەر گۇمانلانمىسىمۇ بولىدىغان بىرەر نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە ئىشچىلار سىنىپى پەقەت دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتىن ئىبارەت بۇنداق سىياسى شەكىل ئاستىدىلا ھوكۇمرانلىققا ئىگە بولالايدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ھەتتا پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭمۇ ئالاھىدە شەكلى، بۇنى فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى ئىسپاتلىدى»......

ئېنگېلس بۇ يەردە ماركسنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدە خۇددى بىر قىزىل يىپتەك ئۆتۈشكەن تۈپ ئىدىيىسىنى يەنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا مېڭىشنىڭ ئەڭ يېقىن يولى دېگەن ئىدىيىنى ئالاھىدە ئېنىق، تەكرار بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى بۇنداق جۇمھۇرىيەت گەرچە كاپىتالنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى قىلچە تۈگەتمىگەن شۇنداقلا ئاممىنى ئېزىشنى ۋە سىنىپىي كۈرەشنى قىلچە تۈگەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بۇنداق كۈرەشنى مۇقەررەر كېڭەيتىدۇ، قانات يايدۇرىدۇ، ئۇچۇقلاشتۇرىدۇ ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇكى، ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ھامان، بۇنداق ئىمكانىيەت مۇقەررەر ھالدا ۋە پەقەت پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدىلا يەنى پۇرولېتارىيات بۇ ئاممىغا رەھبەرلىك قىلغان شارائىتتىلا ئەمەلگە

ئاشىدۇ. پۈتكۈل ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇمۇ ماركسىزمىنىڭ «كىشلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان سوزلىرى»، مىنشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ روسىيە 1917 - يىل ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى يېرىم يىلىدىكى تارىخى ئۇلارنىڭمۇ بۇ سوزلەرنى ئۇنتۇپ قالغانلىغىنى ئىنتايىن ئېنىق كورسىتىپ بەردى.

ئاھالىنىڭ مىللى تەركىۋىگە مۇناسىۋەتلىك لىيەنباڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ھازىرقى گېرمانىيىنىڭ ئورنىغا قانداق نەرسىنى قويۇش كېرەك؟» (ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل پادىشالىق ئاساسى قانۇنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەكسىيەتچىل كىچىك شتاتلارغا بولۇنۇپ تۇرۇش تۈزۈمى بار، بۇنداق بولۇنۇپ تۇرۇش تۈزۈمى «پرۇسسىيىچىلىك»نىڭ تۇرلۇك خۇسۇسىيەتلىرىنى گېرمانىيىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە ئېرىتىۋەتمەستىن، بەلكى مۇقىملاشتۇرىدۇ) «مېنىڭچە، پرولېتارىيات پەقەت بىر پۈتۈن ۋە ئايرىلماس جۇمھۇرىيەت شەكلىنىلا قوللىنالايدۇ. لىيەنباڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ كەڭ رايونلىرىدا ھازىر يەنىلا زورۇر، گەرچە ئۇنىڭ شەرقي قىسمىدا توسالغۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ. ئەنگلىيىدە، لىيەنباڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بىر قەدەم ئىلگىرىلەيدۇ، چۈنكى بۇ يەردە، ئىككى ئارالدا 4 مىللەت ياشايدۇ، يىخۇي گەرچە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 3 خىل قانۇن چىقىرىش تىشىسى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لىيەنباڭ تۈزۈم-دىكى جۇمھۇرىيەت كىچىككىنە شۋېيتسارىيىدە ئاللىقاچان توسالغۇ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا يول قويۇلۇپ كېلىشىدىكى

سەۋەپ شۆۋىنىستارىيىسىنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىشىسى ئىچىدە پۈتۈنلەي پاسسىپ بىر ئەزا بولۇشنى خالىغانلىقىدىنلا ئىبارەت. گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۆۋىنىستارىيىچە لىبەرالىزم تۈزۈمىنى يولغا قويۇش زور بىر قەدەم ئالغا چېكىنگەنلىك بولىدۇ. لىبەرال تۈزۈمىدىكى دۆلەت بىلەن پۈتۈنلەي بىر پۈتۈنلۈك تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىككى پەرق بار، ئۇ بولسىمۇ مۇنۇلاردىن ئىبا-رەت: ئىتتىپاقداش شىتاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ھەق تەلەپ ئىشلىرى بويىچە قانۇن چىقىرىدۇ ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇن چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە قايۇەن تەشكىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا، گومىن يىيۇەنى بىلەن بىر قاتاردا يەنە لىبەرال يىيۇەنى بولىدۇ. لىبەرال يىيۇەنىدە، ھەر بىر ئوبلاست، چوڭ ــ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئوبلاستلىق لاياقىتى بىلەن ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىدۇ.» گېرمانىيىدە لىبەرال تۈزۈمىدىكى دۆلەت پۈتۈنلەي بىر پۈتۈنلۈك تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىشتىكى ئوتكۈنچى، شۇنىڭ ئۈچۈن 1866 ــ ۋە 1870 ــ يىللاردىكى «يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە بولغان ئىنقىلاپ»نى يەنە ئالغا چېكىندۈرمەسلىك كېرەك، بەلكى ئۇنى «تۆۋەندىن يۇقۇرىغا بولىدىغان ھەركەت» بىلەن تولۇقلاش لازىم.

ئېنگېلس دۆلەتنىڭ شەكلى مەسىلىسىگە سوغاق پوزىتسىيە تۇتمىدى، ئەكسىچە، مەلۇم بىر ئوتكۈنچى شەكىلنىڭ **نىمىدىن نىمىگە** ئوتۇش ئىكەنلىكىنى ئوخشاش بولمىغان ئورۇندىكى كونكرېت تارىخىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن مولچەرلەش ئۈچۈن، ئوتكۈنچى شەكىلنى ئىنتايىن تەپسىلى تەھلىل قىلدى.

ئېنگېلس ماركسقا ئوخشاشلا، پرولېتارىيات ۋە پرولېتارىيات

ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسى قىلىنغان ھالدا، دېموكراتىيە- مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى، بىرلىككە كەلگەن ۋە ئايرىلماس جۇمھۇرىيەتتە چىڭ تۇردى. ئۇ لېنىننىڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتنى ياكى بىر خىل ئايرىم ئەھۋال، تەرەققىياتنىڭ توسالغۇسى، ياكى پادىشالىق دولەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتكە ئۆتۈش، مۇئەييەن پەۋقۇلئاددە شارائىتتا «بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك» دەپ ھېساپلىدى. مىللىي مەسىلە ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئېنگېلس ماركىقا ئوخشاشلا، كىچىك دولەتنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى ۋە مۇئەييەن كونكرېت ئەھۋالدا بۇنداق ئەكسىيەتچىلىكنى مىللىي مەسىلە ئارقىلىق نىقاپلايدىغان ھادىسىلەرنى شەپقەتسىز پىپەن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ھەرقانداق جايدا مىللىي مەسىلىگە سەل قارايدىغان خاھىش قىلچىمۇ يوق ئىدى، ھالبۇكى، گوللاندىيە بىلەن پولشىدىكى ماركسىزمچىلار «ئۇزلىرىنىڭ» كىچىك دولىتىدىكى تار مىشچانلارچە مىللەتچىلىككە قارشى ئىنتايىن ھەققانى كۆرەشلىرىدە ئەنە شۇنداق خاھىشلارنى دائىم ئىپادىلەپ تۇردى.

جۇغراپىيىۋى شارائىتتىن، تىلنىڭ ئورتاقلىقىدىن ياكى نەچچە يۈز يىللىق تارىختىن قارىغاندا، ئەنگلىيە ھەرقايسى كىچىك رايونلاردىكى مىللىي مەسىلىلەرنى «ھەل قىلغان»دەك كورۈنىدۇ. لېكىن، ئېنگېلس ھەتتا بۇ دولەتتە بىر روشەن پاكىتقا يەنى مىللىي مەسىلە تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دىققەتمۇ قىلدى، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن لېنىننىڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى «بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك» دەپ ئېتىراپ قىلدى. تەبىئىكى، ئۇ بۇ يەردە لېنىننىڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ كەمچىلىكىنى تەنقىت قىلىشتىن

ھەرگىز ۋازكەچمىگەن، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشـ
تۈرۈش تۈزۈمىـدىكى جۇمـھۇرىيەتنى ئەمەلـگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
ئەڭ قەتئىـي تەشۋىـق قىلىـش ۋە كۈرەش قىلىشـتىن ھەرگـىز
ۋازكەچمىگەن.

لېكىن، ئېنگېلـس دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشـتۈرۈش تۈزۈمنى
زادىلا بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلـىرى ۋە ھوكۇمەتسىزلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ئۇششـاق بۇرژۇئا مۇتەپەكـكۇرلىرىدەك گۇەنلياۋلىق تۈزۈم
مەنىسىدە چۈشەنگەن ئەمەس. ئېنگېلسـنىڭ قارىشىچە، مەركەزلەشـ
تۈرۈش تۈزۈمى كەڭ يەرلىك ئاپتونومىيىنى قىلچە چەتكە قاقمايدۇ،
«گۇڭـشې» ۋە ئۆلـكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن دولەتـنىڭ بىرلىكىدە
چىلىڭ تۇرىـدىغانلا بولـسا، بۇنـداق يەرلـىك ئاپتـونومىيە چوقۇم
ھەرقانداق گۇەنلياۋلىق تۈزۈمنى ۋە ھەرقانداق يۇقۇرىدىن توۋەنـ
گىچە بولغان «بۇيرۇقچىلىق»نى تۈگىتىدۇ.

ئېنگېلـس ماركسىـزمـنىڭ دولەت مەسىلىسىدىكى گائـلىلىك
خـاراكتىرلىق نۇقتىنەزىرىنى جارى قىلدۇرۇپ مۇنداق دەپ
يازىـدۇ:......«شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر پـۈتۈن جۇمـھۇرىيەتـنىڭ
بولۇشى زورۇر، لېـكىن ئۇ ھازىـرقى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىگە
ئوخشاش جۇمھۇرىيەت بولماسلىقى كېرەك، ھازىـرقى فرانسىيە
جۇمھۇرىـيىتى 1798 ـ يىـلى قۇرۇلـغان پادىـشاسىز دىـگودىن
ھېچـقانـداق پەرقلەنـمەيدۇ. 1792 ـ يىلـدىن 1798 ـ يىلـغىچە
فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ـ جېن (Gemeinde)لىرىدا
ئامېرىكىچە تولۇق ئاپـتونومىيە ھوقۇقى بار ئىدى، بۇ بىزدىمۇ
بولۇشى كېرەك. ئاپتونومىيىنى قانداق ئۇيۇشتۇرۇش ۋە قانداق
قىلغاندا گۇەنلياۋلىق تۈزۈمسىز قىلىشقا كەلسەك، بۇنى ئامېرىكا

شۇنداقلا فرانسىيىنىڭ تۆنجى جۇمھۇرىيىتى بىزگە ئىسپاتلاپ بەردى، ھازىر يەنە كانادا بىلەن ئاۋستىرالىيىمۇ ۋە ئەنگلىيىنىڭ باشقا مۇستەملىكىلىرىمۇ بىزگە ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنداق ئۆلكىلىك، شەھەر ـ جېنلىق ئاپتونومىيە تۈزۈمى، مەسىلەن، شۋېيتسارىيىدىكى ليەنباڭ تۈزۈمگە قارىغاندا ئەركىنلىك تېخىمۇ كوپ بولغان تۈزۈم، شۋېيتسارىيىدىكى ليەنباڭ تۈزۈمىدە، ئوبلاست Bund قا (يەنى پۈتكۈل ليەنباڭلىق دولەتكە) نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەرۋەقە ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇستەقىللىققا ئىگە، لېكىن ئۇ ناھىيە (Bezirk) ۋە شەھەر ـ جېنلارغا نىسبەتەنمۇ مۇستەقىللىققا ئىگە. ئوبلاستلىق ھوكۇمەت شيەنجاڭلارنى (Staathalter) ۋە شەھەر ـ جېنلارنىڭ جاڭگۇەنلىرىنى تەيىنلەيدۇ، بۇ ھال ئېنگلىز تىلىدا سوزلەيدىغان دولەتلەردە زادىلا يوق، بىزمۇ كەلگۈسىدە بۇنداق ھادىسىنى، خۇددى پرۇسسىيىنىڭ Landrat ۋە «Regierungsrat (جۇەنيۈەن، شيەنجاڭ، شېڭجاڭ ۋە يۇقۇرىدىن تەيىنلەنگەن بارلىق ئەمەلدارلار)نى تۈگەتكىنىگە ئوخشاش، تۈگىتىشىمىز لازىم. مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسەن، ئېنگېلس پارتىيە گاڭلىڭىنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىگە ئائىت ماددىلىرىنى تۇۋەندىكىچە بايان قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ: «ئۆلكە» (ئۆلكە ياكى رايون)، «ناھىيە ۋە شەھەر ـ جېنلار ئومۇمى سايلام ھوقۇقى بىلەن سايلاپ چىقىلغان ئەمەلدارلار ئارقىلىق تولۇق ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش؛ دولەت تەيىنلىگەن بارلىق يەرلىك ۋە ئۆلكىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.»

كېرېنسكى ۋە باشقا «سوتسىيالىستىك» بۇجاڭلار ھوكۇمىتى

پىچەتلىنۋەتكەن «ھەقىقەت گېزىتى»دە (1917 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى 68 - سانىدا)[1] مەن بۇ نۇقتىدا (تەبىي مۇشۇ نۇقتىدىلا ئەمەس)، مەملىكىتىمىزدىكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار دېگەن ئىسىملەرنىڭ ئاتالمىش سوتسىيالىستىك ۋەكىللىرىنىڭ نەقەدەر رەزىللىك بىلەن **دېموكراتىزىمدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى** كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. تەبىئىكى، جاھانگىر بۇرژۇئازىيە بىلەن «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلىپ ئۆزلىرىنى چۈشەپ قويغان بۇ كىشىلەر مېنىڭ كۆرسەتمىلىرىمنى ئاڭلىماسقا سېلىۋالدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېنگېلس ئىنتايىن كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپمۇ ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراشقا يەنى، ليەنباڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت چوقۇم مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتتىن ئەركىن بولىدۇ، دېگەن قاراشقا تولۇق دەلىللەر ۋە ئەڭ ئېنىق مىساللار بىلەن رەددىيە بەرگەن ئىدى. ئۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ئېنگېلس مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەن 1792 — 1798 - يىللاردىكى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ليەنباڭ تۈزۈمىدىكى شۋېيتسارىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاكىتلىرى بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشنى رەت قىلدى. ھەقىقىي دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بەخش ئەتكەن ئەركىنلىك ليەنباڭ تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتتىكىدىن **كۆپ** بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تارىختا جايلار، ئۆلكىلەر ۋە باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكتىن **ئەڭ كۆپ** بەھرىمەن

[1] «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 24 - توم، 498 — 501 - بەتلەرگە قاراڭ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بولۇپ كەلگەننى لىيەنباك تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت ئەمەس، بەلكى **مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى** جۇمھۇرىيەت.

پارتىيىمىزنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمىتىدە بۇ پاكىتقا ھەمدە ئومۇمەن لىيەنباك تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى ھەممە مەسىلىگە ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلدى.

## 5. ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دىگەن ئەسىرىگە 1891 ـ يىلى يېزىلغان مۇقەددىمە

ئېنگېلس «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئۈچىنچى نەشرىگە يازغان مۇقەددىمىسىدە (1891 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېزىلغان، دەسلەپتە «يېڭى دەۋر» ژورنىلىغا بېسىلغان) دولەتكە تۇتۇلغان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە توختىلىۋېتىپ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تاشقىرى، كوممۇنىنىڭ ساۋاقلىرى ئۈستىدىمۇ ئىنتايىن روشەن خۇلاسە چىقارغان ئىدى[20]. بۇ خۇلاسە كوممۇنىدىن كېيىنكى 20 يىللىق تەجرىبىگە ئاساسلانغانلىقتىن، ناھايىتى چوڭقۇر بولغان ھەمدە گېرمانىيىدە تارقىلىپ يۈرگەن «دولەتكە خۇراپىلارچە ئىشىنىش»كە قارشى تۇرۇشقىلا قارىتىلغان، ئۇنى پۈتۈنلەي ماركسىزمنىڭ دولەت مەسىلىسىدىكى **ئەڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتى** دىيىشكە بولىدۇ.

ئېنگېلس كورسىتىدۇكى، فرانسىيىدە ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپتا ئىشچىلار ھامان قورال ئالاتتى؛ «شۇنىڭ ئۈچۈن، دولەت-

نىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بۇرژۇئازلارنىڭ بىرىنچى ئەقىدىسى ئىشچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ھەر قېتىم ئىنقىلاپ قىلىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن يېڭى كۈرەش پەيدا بولاتتى-دە، ھامان ئىشچىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلىشاتتى»......

ھەر قېتىمقى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىسى ئۈستىدە چىقىرىلغان بۇ خۇلاسە ھەقىقەتەنمۇ ھەم ئىخچام، ھەم ئېنىق. بۇ يەردە مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شۇنداقلا دولەت مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى (**ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ قولىدا قورال بارمۇ، يوق؟**) دەل جايىدا تۇتۇۋېلىنغان. بۇ ماھىيەتنى دەل بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جىياۋشۇلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى ھامان تىلغا ئالمايدۇ. 1917-يىل روسىيە ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش شان-شوھرىتىگە (كاۋېنياكچە شان-شوھرەتكە) «مىنشېۋىك» «شۇنداقلا ماركسىزمچى» سېرېتېلى سازاۋەر بولدى. ئۇ 6-ئاينىڭ 11-كۈندىكى «تارىخىي ئەھمىيەتلىك» نۇتقىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ پېتربورگ ئىشچىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ قويدى، ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ قارارنى ئۆزىنىڭ قارارى قىلىۋالدى ھەمدە ئۇنى، ئومۇمەن «دولەت» ئۈچۈن زورۇر، دېدى.

سېرېتېلىنىڭ 6-ئاينىڭ 11-كۈنى ئېلان قىلغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك نۇتقى، ئەلۋەتتە، 1917-يىل ئىنقىلاۋىنى بايان قىلغۇچى ھەر بىر تارىخشۇناسنىڭ نەقىل كەلتۈرىدىغان ئەڭ روشەن بىر مىسالى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ سېرېتېلى ئەپەندى يېتەكچىلىگىدىكى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بىلەن مىنشېۋىكلار

ئىتتىپاقىنىڭ قانداق قىلىپ بۇرژۇئازىيە تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتقا **قارشى تۇرغانلىقىنى** ئىسپاتلايدۇ.

ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان كەتكەن دۆلەت مەسىلىسىگە دائىر يەنە بىر پىكىر — دىن توغرىسىدىكى پىكىر. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، گېرمانىيە سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسى ئۆزىنىڭ كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىشى ۋە كۈندىن-كۈنگە چىرىكلى-شىشى ئارقىسىدا، «دىننى خۇسۇسىيلارنىڭ ئىشى دەپ جاكالاش»تىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر **گۇگۇشىنىمۇ** بارغانسېرى چاكىنىلىق بىلەن بۇرمىلىدى، بۇ گۇگۇشىنى بۇرمىلاپ دىن مەسىلىسىنى گويا ئىنقىلاۋىي پرولېتارىيات **پارتىيىسىگە نىسبەتەنمۇ** خۇسۇسىي ئىش قىلىپ قويدى!! پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي گاڭگىلىغا پۈتۈنلەي ئاسىيلىق قىلىنغان بۇنداق مەۋقەگە دەل ئېنگېلس ئەينى ۋاقىتتا قارشى تۇرغان ئىدى، لېكىن ئېنگېلس 1891-يىلى ئۆز پارتىيىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ تېخى **ئەڭ كىچىك** بىخلىرىنىلا كۆرگەنلىكتىن، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇنداق دېگەن ئىدى:

«گۇگۇشىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشچىلار ياكى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئىشچىلار ۋەكىللىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماقۇللىغان قارارلىرىمۇ پۈتۈنلەي پرولېتارىيات خاراك-تېرىغا ئىگە ئىدى. بەزى قارارلار جۇمھۇرىيەتچى بۇرژۇئازىيە رەزىل قورقۇنچاقلىقى سەۋەبىدىنلا يولغا قويۇشتىن باش تارتقان ئەمما ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەركىن پائالىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر ئاساس بولغان ئىسلاھاتلارنى قانۇنىيلاشتۇرغان، مەسىلەن، دىن دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا پەقەت خۇسۇسىي ئىش، دېگەن پىرىنسىپنى يولغا قويغان. بەزى قارارلار بولسا ئىشچىلار

سىنىپىغا بىۋاستە پايدىلىق بولغان ھەمدە كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ باغرىغا مەلۇم دەرىجىدە چوڭقۇر سانچىلغان»......

ئېنگېلس «دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئەتەي تەكىتلەش بەلگىسى قويغان، بۇنىڭدىن مەقسەت گېرمانىيە جىخۇيجۇيىسىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەككۈزۈش ئىدى، چۈنكى گېرمانىيە جىخۇيجۇيىسى دىنىنى **پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا** خۇسۇسىي ئىش دەپ جاكالىدى، شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلاۋىي پرولېتارىيات پارتىيىسىنىمۇ ئەڭ چاكىنا «ئەركىن پىكىردىكى» مىشچانلارنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى، مىشچانلار دىنغا ئېتىقات قىلماسلىقمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن **پارتىيىنىڭ** دىندىن ئىبارەت خەلقنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان ئەپيۇنگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

كەلگۈسىدە گېرمانىيە سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى تارىخشۇناسلار بۇ پارتىيىنىڭ 1914 -يىلى شەرمەندىلىك بىلەن بەربات بولغانلىقىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرگەندە، بۇ مەسىلىگە ئائىت نۇرغۇن قىزىقارلىق ماتېرىياللارنى يەنى بۇ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى رەھبىرى كائۇتسكىنىڭ ماقالىلىرىدىكى جىخۇيجۇيىچىلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىدىغان تۇتۇق سۆزلەردىن تارتىپ تاكى پارتىيىنىڭ 1913 - يىلدىكى ‹Los-von-Kirche-Bewegung› (جىياۋخۇيدىن ئاجرىلىش ھەركىتى)گە تۇتقان پوزىتسىيىسىگىچە بولغان ماتېرىياللارنى تاپالايدۇ.

ئەمدى بىز ئېنگېلسنىڭ گۇڭشېدىن كېيىنكى 20 يىلدا گۇڭشېنىڭ ساۋاقلىرىنى كۈرەش قىلىۋاتقان پرولېتارىياتقا قانداق يەكۈنلەپ بەرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

ئېنگېلس ئەڭ موھىم ھېساپلىغان ساۋاقلار توۋەندىكىچە:

......«دەل ئارمىيە، سىياسى ساقچى، گۆەنلياۋدىن ئىبارەت ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن كونا ھوكۇمەتنىڭ بۇنداق ئەزگۈچى ھاكىمىيىتى يەنى ناپولېون 1798 ـ يىلى بەرپا قىلغان، كېيىن ھەر قېتىمقى يېڭى ھوكۇمەت كوڭۈلدىكىدەك قورال سۈپىتىدە ئىزچىل قوبۇل قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغان ھاكىمىيەت، ـــ دەل ئەشۇنداق ھاكىمىيەت خۇددى پارىژدا گۇمران قىلىنغىنىدەك، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گۇمران قىلىنىشى كېرەك.

گۈڭشي دەسلىۋىدىلا ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئىدىكى، ئىشچىلار سىنىپى ھوكۇمرانلىققا ئىگە بولغاندا، باشقۇرۇشنى كونا دولەت ماشىنىسىدىن داۋاملىق پايدىلىنىش يولى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپى ئەمدىلا قولغا كەلتۈرگەن ھوكۇمرانلىغىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىغى ئۈچۈن، بىر تەرەپ-تىن، بارلىق كونا، ئۆزىگە قارشى تۇرۇشتا ئىزچىل پايدىلىنىپ كەلگەن ئەزگۈچى ماشىنىنى يوقىتىشى لازىم، يەنە بىر تەرەپ-تىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلى-غىنى جاكالاش يولى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم»......

ئېنگېلس تەكرار تەكىتلەپ كورسىتىدۇكى، دولەت پەقەت پادىشالىق دولەتتىلا ئەمەس، بەلكى **دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتىمۇ** دولەت پېتىچە قېلىۋېرىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالىدۇ: ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرى، «جەمىيەتنىڭ

خادىملىرى» ۋە جەمىيەتنىڭ ئورگانلىرىنى جەمىيەتنىڭ **خوجايىنلىرىغا** ئايلاندۇرىدۇ.

...... «دولەتنىڭ ۋە دولەت ئورگانلىرىنىڭ جەمىيەتنىڭ خادىمىدىن جەمىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن — ھازىرغىچە بولغان بارلىق دولەتلەردە بۇنداق ھادىسىدىن ساقلانغىلى بولمىدى، — كوممۇنا ئىككى توغرا چارىنى قوللانغان. بىرىنچىدىن، ئۇ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ۋە خەلق مائارىپى جەھەتلەردىكى بارلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمى سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىغا ئوتكۈزۈپ بەرگەن، بەلكى سايلىغۇچىلارنىڭ سايلانغۇچىلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ بارلىق ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرىگە، ئورنىنىڭ يۇقۇرى-توۋەن بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، پەقەت باشقا ئىشچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىش ھەققى بەرگەن. كوممۇنىدىن بېرىلگەن ئەڭ يۇقۇرى مۇئاش 6 مىڭ فرانك[1] بولغان. شۇنداق قىلىپ، كومۇنا ھەرقايسى ۋاكالەت ئورگانلىرىدىكى ۋەكىللەرگە ئايرىم بەلگىلەنگەن چەكلىك ھوقۇق ۋاكالەتنامىسى بەرمەي تۇرۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەل تېپىش ۋە باي بولۇشقا بېرىلىپ

---

[1] نامدا تەخمىنەن 2 مىڭ 400 روبلىغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ھازىرقى خۇيلۇي بويىچە ھېساپلىغاندا، تەخمىنەن 6 مىڭ روبلىغا توغرا كېلىدۇ. بەزى بولشېۋىكلار مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقۇرى مۇئاشنىڭ 6 مىڭ روبلى (بۇ پۇل يېتەرلىك) بولۇشىنى تەكلىپ قىلماي، مەسىلەن، شەھەرلىك دۇمالاردا 9 مىڭ روبلى مۇئاش بېرىلىشىنى تەكلىپ قىلىدى. بۇنداق قىلىقلارنى زادىلا كەچۈرگىلى بولمايدۇ.

كېتىشىنى ئىشەنچلىك توسالايدىغان بولغان»......

ئېنگېلس بۇ يەردە قىزىقارلىق بىر چېگرا ئۈستىدە توختالغان، بۇ چېگرىدا ئۇزۇل - كېسىل دېموكراتىيە سوتسىيالىزىمغا **ئايلىنىدۇ**، شۇنىڭ بىلەن بىللە سوتسىيالىزىمنى يولغا قويۇشمۇ **تەلەپ قىلىنىدۇ**. چۈنكى، دۆلەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ خىزمەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ جىزنىكىنى نازارەت ۋە تۈگىجى قىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن ئاددى رەسمىيەتكە ئايلاندۇرۇش لازىمكى، ئۇنى ئاھالىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ھەتتا پۈتۈن ئاھالە بېجىرەلەيدىغان، ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان بولسۇن. ئەمەل تېپىش ۋە باي بولۇش ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ خىزمەت قىلىش ئورگانلىرىدىكى نەپ تەگمەيدىغان لېكىن «شەرەپلىك بولغان» ئورۇن-لار، خۇددى بارلىق ئەڭ ئەركىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە **دائىم** كۆرۈلگىنىدەك، بانكا ۋە ھەسسىدارلىق كۆكسىسىدىن كاتتا ئورۇنغا ئىگە بولۇشنىڭ كوۋرۇكىگە ئايلاندۇرۇپ **قويۇلماسلىقى** لازىم.

لېكىن، ئېنگېلس مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى مەسىلىسىدە بەزى ماركسىزىمچىلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى سادىر قىلمىدى: ئۇلار، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى كاپىتالىزىم شارائىتىدا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس، سوتسىيالىزىم شارائىتىدا بولسا ئارتۇقچە ئىش، دېيىشىدۇ. ناھايىتى ئەپچىل چىقىرىلغاندەك قىلغان بىلەن ئەمما ئەمەلىيەتتە توغرا بولمىغان بۇنداق ئەقلىي يەكۈن **ھەرقانداق بىر خىل** دېموكراتىك تۈزۈمگە جۈملىدىن ئەمەلدارلارغا ناھايىتى ئاز مۇئاش بېرىش چارىسىگىمۇ باپ كېلىدۇ، چۈنكى كاپىتالىزىم شارائىتىدا ئۇزۇل - كېسىل دېموكراتىيىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سوتسىيالىزىم

شارائىتىدا بولسا ھەرقانداق دېموكراتىيە **ھالاك بولۇپ بارىدۇ.**

بۇ بىر خىل كاززاپلىق، خۇددى قەدىمقى زامانىدىكى: بىر ئادەمنىڭ بېشىدىن بىر تال چاچ چۈشۈپ كەتسە، ئۇ پاينەكۋاش بولۇپ قالامدۇ؟ دىگەن شاگخوغا ئوخشاش.

دېموكراتىينى **ئۇزۇل-كېسىل** راۋاجلاندۇرۇش، بۇنداق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ **شەكلىنى** تېپىش، بۇ شەكىلنى **ئەمەلىيەت** ئارقىلىق سىناش ۋە باشقىلار ئىجتىمائى ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. ھەرقانداق يەككە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دېموكراتىيە سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ، ئەمما دېموكراتىيە ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەڭگۈ «يەككە مەۋجۇت بولۇپ» تۇرالمايدۇ، بەلكى ھامان «بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ»، ئۇ ئىگىلىككىمۇ تەسىر كورسىتىدۇ، **ئىگىلىكنىڭ** ئوزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ۋاھاكازا. مانا بۇ — جانلىق تارىخىي بىيەنجېگفا.

ئېنگېلس داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

......«كونا دولەت ھاكىمىيتىنى پارتىلىتىش (Sprengung) ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى، ھەقىقى دېموكراتىك دولەت ھاكىمىيىتىنى قويۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ئەھۋال "ئىچكى ئۇرۇش"نىڭ ئۈچىنچى بابىدا تەپسىلى بايان قىلىنىغان. لېكىن، بۇنداق ئالمىشىشنىڭ بىرنەچچە خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم قىسقىچە توختىلىپ ئوتۇش زورۇر، چۈنكى دەل گېرمانىيىدە دولەتكە خۇراپىلارچە ئىشىنىش پەلسەپىدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەتتا ناھايىتى كوپلىگەن ئىشچىلارنىڭ ئومۇمى ئېڭىغا كوچتى. پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، دولەت

"ئىدىيىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى" ياكى پەلسەپە تىلىغا تەرجىمە قىلىغاندا، خۇدانىڭ پانى ئالەمدىكى دۇنياسى بولارمىش، يەنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تايىنىلىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تايىنىش لازىم بولغان سورۇنمىش. بۇنىڭدىن دولەتكە ۋە دولەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق شەيئىلەرگە چوقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ، كىشىلەر كىچىكىدىن تارتىپ، پۈتۈن جەمىيەتنىڭ جامائەت ئىشلىرى ۋە جامائەت مەنپەئەتى پەقەت كونا ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ، يەنى دولەت ۋە ئۇنىڭ دارامىتى ناھايىتى كوپ ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ، دىگەن قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، بۇنداق چوقۇنۇش تېخىمۇ ئاسان يىلتىز تارتىدۇ. كىشىلەر، ئەگەر ۋارىسلىق قىلىنىدىغان پادىشالىق تۈزۈمگە خۇراپىلارچە ئىشىنىشۈرمەي، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ھىمايە قىلساق، ئىنتايىن دادىللىق بىلەن ئالغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىغان بولىمىز، دەپ قارىشىدۇ. ئەمىلىيەتتە، دولەت بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى باستۇرىدىغان ماشىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ نۇقتىدا ئۇ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى شارائىتىدىمۇ پادىشالىق تۈزۈم شارائىتىدىكىدىن قىلچە قېلىشمايدۇ. دولەت — قانچە دىگەن بىلەنمۇ پرولېتارىيات سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ۋارىسلىق قىلىپ قالغان بالايى-ئاپەت؛ غەلىبە قىلغان پرولېتارىياتمۇ، خۇددى گۇڭشېغا ئوخشاش، تاكى يېڭى، ئەركىن ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلات دولەت تۈزۈمىدىن

ئىبارەت بۇ بىر دوۋە ئەخلەتنى ئىرغىتىپ تاشلاشقا قادىر بولالىغانغا قەدەر، بۇ بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئەڭ يامان تەرەپلىرىنى دەرھال چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.»

ئېنگېلس ئىمىسلارنى، پادىشالىق تۈزۈمنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قويغاندا، سوتسىيالىزىمنىڭ دولەت مەسلىسى توغرىسىدىكى ئومۇمى قائىدىلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىماسلىق كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى سېرىتېلى ۋە چېرنوپ ئېقىمىدىكى ئەپەندىلەرگە توغرىدىن ـ توغرا بېرىلگەن تەنبىيىدەك تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار «بىرلەشمە ھوكۇمەت»نىڭ ئەمىلىيىتىدە دەل دولەتكە خۇراپىلارچە ئىشىنىش ۋە چوقۇنۇشنى ئىپادىلىدى!

كورسىتىپ ئوتۇشكە تېگىشلىك يەنە ئىككى نۇقتا بار: (1) ئېنگېلس، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى شارائىتىدا، دولەتنىڭ «بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىدىغان ماشىنا» بولۇشى پادىشالىق تۈزۈم شارائىتىدىكىدىن «قىلچە قېلىشمايدۇ» دەيدۇ، لېكىن بۇ، بەزى ھوكۇمەتىسزلەر «تەلىم» بەرگىنىدەك، ئېزىش **شەكلى** پۈرولېتارىيات ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسە، دىگەنلىك ئەمەس. تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ئاشكارا سىنىپىي كۈرەش **شەكلى** بىلەن سىنىپىي ئېزىش **شەكلى** پۈرولېتارىياتنىڭ بارلىق سىنىپلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

(2) نىمە ئۈچۈن يېڭى بىر ئەۋلات بولغاندىلا، ئاندىن دولەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ بىر دوۋە ئەخلەتنى پۈتۈنلەي ئىرغىتىپ تاشلىغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسلە ــ دېموكراتىيىنىڭ تۈگىتىلىشىگە ئالاقىدار

مەسىلە، ئەمدى بىز مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 6. ئېنگېلس دېموكراتىيىنىڭ تۈگىتىلىشى توغرىسىدا

ئېنگېلس «سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار» دىگەن نامنىڭ **ئىلمىي جەھەتتە** توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە توختالغىنىدا، بۇ نۇقتىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن ئىدى.

ئېنگېلس ئۆزىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى ئاساسەن «ئىنتېرناتسونال» مەسىلىسى بايان قىلىنغان ئەسەرلەر توپلىمى («Internationales aus dem Volksstaat»[①])غا يازغان كىرىش سۆزىدە (1894 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەنى ئېنگېلس ۋاپات بولۇشتىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى) ئۆزىنىڭ ھەممە ماقالىلىرىدا «سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار» دىگەن سۆزنى **ئىشلەتمەي**، «كوممۇنىزىمچىلار» دىگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىنى يازغان ئىدى، چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا، فرانسىيىدىكى پرۇدونچىلار بىلەن گېرمانىيىدىكى لاسسالچىلار ئۆزلىرىنى سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار دەۋالغان ئىدى.

ئېنگېلس داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ......«شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركس بىلەن ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئالاھىدە نۇقتىنەزىرىمىزنى ئەنە شۇنداق ئەۋرىشىمناملار بىلەن ئىپادىلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ھازىر ئەھۋال باشقىچە، بۇ سۆز («سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار»)، ئېھتىمال، ياراپ

---

① «"خەلق دۆلىتى گېزىتى"نىڭ خەلقارا مەسىلىلەرگە ئائىت ماقالىلار توپلىمى». ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

تۇرار (mag passieren) ، ئىقتىسادىي گاگگىلىكى نوقۇل ئومۇمەن سوتسىيالىستىك گاگگىلىك بولماستىن، بەلكى بىۋاستە كوممۇنىستىك گاگگىلىك بولغان پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىياسى جەھەتتە پۈتكۈل دولەتنى تۈگىتىش، شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىيىنىمۇ تۈگىتىشنى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت قىلغان پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سوز يەنىلا باپ ئەمەس (unpassend، مۇۋاپىق ئەمەس). ھالبۇكى، ھەقىقى (تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان) پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نامى ھامان ئۆزىگە تولۇق مۇۋاپىق بولۇپ كەتمەيدۇ؛ پارتىيە تەرەققى قىلىدۇ، نامى ئۆزگەرمەيدۇ.»[21]

بىيەنجېگفاچى ئېنگېلس ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغىچىمۇ بىيەنجېگفاغا سادىق بولدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ماركس بىلەن ئىككىمىزدە پارتىيىنىڭ ناھايىتى ياخشى، ئىلمىي جەھەتتە ناھايىتى باپ كېلىدىغان بىر نامى بولغان ئىدى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقى پارتىيە يەنى ئاممىۋى خاراكتېرلىق پرولېتارىيات پارتىيىسى بولمىغان ئىدى. ھازىر (19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى) ھەقىقى پارتىيە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ئىلمىي جەھەتتە توغرا ئەمەس. ئەمما بۇنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق، «ياراپ تۇرىدۇ»، پەقەت پارتىيە **تەرەققى قىلسىلا**، ئۆز نامىنىڭ ئىلمىي جەھەتتە باپ ئەمەسلىكىنى سەزسىلا، ئۆزىنىڭ توغرا يونۇلۇشىنى بويلاپ تەرەققى قىلىشقا بۇ نامنى توسالغۇ قىلىپ قويمىسىلا بولىدى!

ئېھتىمال، مەلۇم بىر چاخچاقچى ئېنگېلسنىڭ سوزى بىلەن بىز بولشېۋىكلارنى بەزلەپ مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: بىزدە ھەقىقى پارتىيە بار، ئۇ ناھايىتى ياخشى تەرەققى قىلىۋاتىدۇ؛ «بولشېۋىك»

دىگەن مۇنداق قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان غەلىتە نام، 1903 ـ يىلى
برىيۇسسېل ـ لوندون قۇرۇلتىيىدا بىزنىڭ كوپ سانغا ئىگە بولغىنى ـ
مىزدىن ئىبارەت مۇنداق تامامەن تاسادىپى پاكىتنى ئىپادىلىگەندىن
باشقا ھېچقانداق مەنىسى بولمىغان نام يەنىلا «ياراپ تۇرىدۇ» ......
ھازىر، جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن «ئىنقىلاۋىي» مىشچان دېموكراتـ
لارنىڭ 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا پارتىيىمىزگە قىلغان زىيانكەشلىكى
سەۋەبىدىن، «بولشېۋىك» دىگەن بۇ سوز ئومۇمخەلق ئىچىدە
شان ـ شەرەپ قازاندى، بۇنداق زىيانكەشلىك پارتىيىمىزنىڭ
**ھەقىقى** تەرەققى قىلىش جەريانىدا نەقەدەر غايەت زور، تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە قەدەم تاشلىغانلىغىنىمۇ كورسىتىپ بېرىدۇ، بۇنداق
ۋاقىتتا، ئېھتىمال مەن ئوزەممۇ پارتىيىمىزنىڭ نامىنى ئوزگەرتىش
توغرىسىدا 4 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىۋىمدىن گۇمانلانغان
بولاتتىم. ئېھتىمال، يولداشلارغا: پارتىيىمىزنى گۇڭچەنداڭ دەپ
ئاتاش، بولشېۋىكلار دىگەن ئاتالغۇنى بولسا تىرناق ئىچىگە
ئېلىپ قويۇش توغرىسىدا «مۇرەسسەلىشىش چارىسى»نى قويغان
بولاتتىم......

لېكىن پارتىيىنىڭ نامى مەسىلىسىدىن ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتـ
نىڭ دولەتكە تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى تولىمۇ موھىم.

كىشىلەر تولا چاغلاردا دولەت مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا،
ئېنگېلس بۇ يەردە ئاگاھلاندۇرۇپ ئوتكەن ۋە بىز يۇقۇرىدا سوز
ئارىسىدا كورسىتىپ ئوتكەن خاتالىقنى ھەمىشە سادىر قىلىدۇ. ئۇ
بولسىمۇ دولەتنىڭ يوقىتىلىشى دېموكراتىيىنىڭمۇ يوقىتىلىشى
ئىكەنلىگىنى، دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشى دېموكراتىيىنىڭمۇ
ھالاك بولۇپ بېرىشى ئىكەنلىگىنى ھەمىشە ئەستىن چىقىرىپ

قويۇشتىن ئىبارەت.

بىر قاراشتا بۇنداق ھوكۇم ناھايىتى غەلىتە ۋە چۇشىنىكسىزدەك كورۇنىدۇ؛ ھەتتا بەزىلەر، بىز ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنۇش پىرىنسىپىغا رىئايە قىلىنمايدىغان بىر ئىجتىمائىي تۇزۇمنى كۇتۇۋا-تامدۇق-نىمە، چۇنكى دېموكراتىيىمۇ مۇشۇ پىرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشى مۇمكىن.

ياق. دېموكراتىيە بىلەن ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنۇش پىرىنسىپى بىر نەرسە **ئەمەس**. دېموكراتىيە —ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنۇشنى ئېتىراپ قىلىدىغان **دولەت** يەنى بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپقا، بىر قىسىم ئاھالە يەنە بىر قىسىم ئاھالىگە شىتۇئۇلۇق ھالدا **زورلۇق كۇچ** ئىشلىتىدىغان تەشكىلات.

بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىمىز دولەتنى يوقىتىش يەنى ھەرقانداق تەشكىللىك، شىتۇئۇلۇق زورلۇق كۇچنى يوقىتىش، كىشىلەرگە تېگىلىغان ھەرقانداق زورلۇق كۇچنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. بىز ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنۇش پىرىنسىپىغا رىئايە قىلىنمايدىغان ئىجتىمائىي تۇزۇمنى كۇتمەيمىز. لېكىن، بىز سوتسىيا-لىزىمغا تەلپۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتسىيالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىپ كوممۇنىزىمغا بارىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز، ئۇ ۋاقىتتا يەتكەندە كىشىلەرگە زورلۇق كۇچ ئىشلىتىشنىڭ ھېچقانداق زورۇرىيىتى قالمايدۇ، بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمگە **بويسۇندۇرۇش**، بىر قىسىم ئاھالىنى يەنە بىر قىسىم ئاھالىگە **بويسۇندۇرۇشنىڭ** ھېچقانداق زورۇرىيىتى قالمايدۇ، چۇنكى كىشىلەر جامائەت تۇرمۇشىنىڭ ئەقەللىي شەرتلىرىگە رىئايە قىلىشقا **ئادەتلىنىدۇ**، **زورلۇق كۇچنىڭ ۋە بويسۇندۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ**.

بۇ ئادەت ئامىلىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئېنگېلس يېڭى **بىر ئەۋلات** توغرىسىدا توختالغان، ئۇلار «يېڭى، ئەركىن ئىجتىمائى شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلات بولۇپ، دولەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ بىر دوۋە ئەخلەتنى ئىرغىتىپ تاشلاشقا قادىر»، — بۇ يەردىكى ئاتالمىش دولەت تۈزۈمى ھەرقانداق بىر خىل دولەت تۈزۈمىنى جۈملىدىن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلىك دولەت تۈزۈمىنى كورسىتىدۇ.

بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

# بەشىنچى باپ

## دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى

ماركس ئۆزىنىڭ «گوتا گائلىكىغا پىپەن» (يەنى 1875 - يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى براككېغا يېزىلغان خەت، بۇ خەت 1891-يىلدىلا «يېڭى دەۋر»نىڭ 9 - يىل توپلىمىنىڭ 1 - تومىدا ئېلان قىلىنغان، رۇسچە كىتاپچىسى بار) دىگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى ناھايىتى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئوتكەن ئىدى. بۇ مەشھۇر ئەسەردە، لاسساللىزىم پىپەن قىلىنغان بەس - مۇنازىرە قىسمى ئۇنىڭ ئىجابى جەھەتتىن بايان قىلىنغان قىسمىنى ياپقان، يەنى كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىياتى بىلەن دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشى

ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ تەھلىلىنى ياپىقان، دېيىشكە بولىدۇ.

## 1. ماركس مەسىلىنى قانداق قويغان

ئەگەر ماركسنىڭ 1875 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى براككىغا يازغان خېتى ئېنگېلسنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 1875 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بېبېلغا يازغان خېتى بىلەن يۈزە سېلىشتۇرۇپ كورۇلسە، ماركس ئېنگېلسقا قارىغاندا كوپ قېتىق «دولەتچى» تۈسىنى ئالغان ئىكەن، بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ دولەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىكەن، دەپ ھېس قىلىنىشى مۇمكىن.

ئېنگېلس بېبېلغا دولەت توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپنى پۈتۈنلەي تاشلاشنى، «دولەت» دېگەن سوزنى پارتىيە گاگلىگىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «گۈگتۈەن» دېگەن سوزنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلىدۇ؛ ئېنگېلس ھەتتا، گۈگشې ئەسلى مەنىدىكى دولەت بولماي قالدى، دەپ جاكالايدۇ. ماركس بولسا «كەلگۈسى كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ دولەت تۈزۈمى» ئۈستىدە توختىلىدۇ، دېمەك، ئۇ، كوممۇنىزىم شارائىتىدىمۇ يەنە دولەت زورۇر، دەپ تونۇغاندەك تۇرىدۇ.

لېكىن بۇنداق قاراش ئەسلا توغرا ئەمەس. ئەگەر ئىنچىكە تەتقىق قىلىنسا، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ دولەت مەسىلىسى ۋە دولەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ تامامەن بىردەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماركسنىڭ سوزلىرىمۇ **ھالاك بولۇپ بېرىۋاتقان** دولەت تۈزۈمىنى كورسىتىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، **كەلگۈسىدىكى** «ھالاك بولۇپ بېرىش»نىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەش ئۈستىدە گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر جەريان ئىكەنلىگى روشەن. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنىڭ ئۈچۈن كورۇنۇشتە پەرق بولغانكى، ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلغان مەسىلىلىرى ۋە تەتقىق قىلىش مەقسىدى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئېنگېلسنىڭ مەقسىدى شۇ ۋاقىتتا تارقىلىپ يۈرگەن (ۋە لاسسالمۇ خېلى دەرىجىدە ياقلىغان) دولەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشىنىڭ تامامەن بىمەنە ئىكەنلىگىنى بېيىلغا ئوچۇق، كەسكىن، ئىخچام قىلىپ كورسىتىپ بېرىش ئىدى. ماركس بولسا پەقەت باشقا بىر مەسىلىنى يەنى كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ **تەرەققىياتىنى** بايان قىلغاندا، **بۇ** مەسىلىنى قويغاچ كەتكەن ئىدى.

ماركسنىڭ پۈتۈن نەزىرىيىسى ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمىنى ئەڭ ئۇزۇل-كېسىل، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئەتراپلىق، مەزمۇنغا ئەڭ باي بولغان تەرەققىيات نەزىرىيىسى بىلەن تەكشۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، ماركسقا مۇشۇ نەزىرىيىنى تەتبىق قىلىش ئارقىلىق كاپىتالىزىمنىڭ **كەلگۈسىدە** يىمىرىلىش مەسىلىسىنىمۇ، **كەلگۈسى** كوممۇنىزىمنىڭ **كەلگۈسى** تەرەققىياتى مەسىلىسىنىمۇ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

كەلگۈسى كوممۇنىزىمنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى مەسىلىسىنى زادى نىمىگە **ئاساسلىنىپ** ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ؟

بۇ يەردىكى ئاساس شۇكى، كوممۇنىزىم كاپىتالىزىمدىن **ۋۇجۇتقا كەلگەن**، ئۇ تارىخي يوسۇندا كاپىتالىزىمدىن ئوسۇپ چىقىدۇ، ئۇ كاپىتالىزىمدىن **ۋۇجۇتقا كەلگەن** شۇنداق ئىجتىمائى كۈچنىڭ رول

ئوينغانلىغىنىڭ نەتىجىسى. ماركس ئۇتوپىك نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشنى، بىلىشكە بولمايدىغان ئىشلارنى قۇرۇق پەرەز قىلىشنى قىلچە خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ماركس كوممۇنىزىم مەسىلىسىنى، خۇددى تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ مەلۇم بىر يېڭى جانلىق مەۋجۇ-داتنىڭ ئۆزگەرگەن تۇرىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش، ئوتتۇرىغا قويغان، چۈنكى بۇ ئۆزگەرگەن تۇرنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىغى ۋە ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىغى بىزگە مەلۇم.

ماركس ھەممىدىن ئاۋال گوتا گاڭگىلىڭىنىڭ دولەت بىلەن جەمىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە بولغان مۇجمەل كوزقارىشىنى سۇيپۇرۇپ تاشلايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:.......«ھازىرقى زامان جەمى-يىتى — بارلىق مەدەنى مەملىكەتلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كاپىتالىزىم جەمىيىتى، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دۇغلىرىدىن ئازدۇر - كوپتۇر قۇتۇلغان، ھەر بىر مەملىكەتنىڭ تارىخى تەرەققىياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۇپەيلىدىن شىكتەيىنى ئازدۇر-كوپتۇر ئۆزگەرتكەن، ئازدۇر - كوپتۇر تەرەققى قىلغان. "ھازىرقى زامان دولىتى" بولسا تۇرلۇكچە. ئۇ پرۇسس - گېرمان دىگوسىدا شۋېيتسارىيىدىكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئەنگلى-يىدە ئامېرىكىدىكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن "ھازىرقى زامان دولىتى" بىر خىل ساختا تەسەۋۋۇر.

لېكىن، تۇرلۇك مەدەنى مەملىكەتلەردىكى تۇرلۇك دولەتلەر، ئوز شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشىغا قارىماي، بىر ئورتاق-لىققا ئىگە: ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزىم ئاز - تولا تەرەققى

قىلغان ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىنتايىن موھىم بەزى ئورتاق خۇسۇ-
سىيەتلەرگە ئىگە. مۇشۇ مەنىدە "ھازىرقى زامان دۆلىتى تۈزۈمى"
ھەققىدە سۆزلەشكە بولىدۇ، لېكىن كەلگۈسىدە باشقىچە بولىدۇ،
ئۇ چاغدا "ھازىرقى زامان دۆلىتى تۈزۈمى"نىڭ ھازىرقى
نېگىزى يەنى بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى ھالاك بولغان بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ: كوممۇنىزىم
جەمىيىتىدە دۆلەت تۈزۈمىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ باش-
قىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چاغدا جەمىيەتنىڭ ھازىرقى زامان
دۆلىتىنىڭ جىرنىگىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قايسى جىرنىگى
ساقلىنىپ قالىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە پەقەت ئىلمىي جاۋاپ بېرىش
كېرەك؛ بولمىسا، سەن "خەلق" ۋە "دۆلەت" دىگەن بۇ ئىككى
سۆزنى بىر بىرىگە مىڭ قېتىم باغلىساڭمۇ، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنىڭ
ھەل قىلىنىشىغا قىلچە ياردىمى بولمايدۇ»......22
ماركس «خەلق دۆلىتى» توغرىسىدىكى ھەممە قۇرۇق گەپلەرنى
ئەنە شۇنداق مەسخىرە قىلىپ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە
ئاگاھلاندۇرغاندەك قىلىپ: بۇ مەسىلىگە ئىلمىي جاۋاپ بېرىش
ئۈچۈن، پەقەت ئېنىق ئىسپاتلانغان ئىلمىي ماتېرىياللارغا تايىنىش
كېرەك، دەيدۇ.
پۈتكۈل تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە پۈتۈن پەن ئىنتايىن ئېنىق
ئىسپاتلىغان ھەممىدىن موھىم نۇقتا، بۇرۇن خىيالپەرەسلەر ئېسىدىن
چىقىرىپ قويغان، ھازىر بولسا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن قورقى-
دىغان جىنخۇيجۇيىچىلار ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان نۇقتا تارىختا
كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا **ئۆتۈشتىن** ئىبارەت بىر ئالاھىدە

دەۋر ياكى ئالاھىدە باسقۇچنىڭ مۇقەررەر بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

## 2. كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش

ماركس داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:......

«كاپىتالىزىم جەمىيىتى بىلەن كوممۇنىزىم جەمىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئايلىنىدىغان بىر ئىنقىلاۋىي بۆرۈلۈش دەۋرى بولىدۇ. بۇ دەۋرگە مۇناسىپ سىياسى جەھەتتىكى بىر ئۆتكۈنچى دەۋرمۇ بولىدۇ، بۇ دەۋردىكى دۆلەت پەقەت **پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىلا** بولىدۇ»......

ماركس بۇ يەكۈننى پرولېتارىياتنىڭ ھازىرقى زامان كاپىتالىزىم جەمىيىتىدە ئوينايدىغان رولى توغرىسىدىكى تەھلىلگە ئاساسەن، بۇ جەمىيەتنىڭ تەرەققى قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ۋە پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتىنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقى ھەمدە مۇرەسسەسىزلىكى توغرىسىدىكى ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن چىقارغان.

ئىلگىرى مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى مۇنداق ئىدى: پرولېتارىيات ئۆزىنى ئازاتلىقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇشى، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشى كېرەك.

ھازىر مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى بىر ئاز ئوخشىمايدۇ: كوممۇنىزىمغا قاراپ تەرەققى قىلىۋاتقان كاپىتالىزىم جەمىيىتىدىن كوممۇنىزىم جەمىيىتىگە ئۆتۈشتە بىر «سىياسى جەھەتتىكى ئۆتكۈنچى دەۋر»نى بېسىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس، بۇ دەۋردىكى دۆلەت پەقەت

پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىلا بولىدۇ.

بۇ دىكتاتۇرىنىڭ دېموكراتىيە بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

بىزگە مەلۇمكى، «كومۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» «پرولېتارىياتنى ھۆكۈمران سىنىپقا ئايلاندۇرۇش» بىلەن «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇمنى كەسكىن تۈردە بىر قاتاردا قويىدۇ. يۇقۇرىدىكى ھەممە بايانلارغا ئاساسەن، دېموكراتىيىنىڭ كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش دەۋرىدە قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىغا تېخىمۇ توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدە، ئۇ ئەڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلغان شارائىتتا بىر قەدەر مۇكەممەل دېموكراتىيە تۈزۈمى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بولىدۇ. لېكىن بۇنداق دېموكراتىيە تۈزۈمى باشتىن - ئاخىر كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ تار رامكىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا، ئۇ ماھىيەتتە باشتىن- ئاخىر پەقەت ئازچىلىقنى، مۈلۈكدارلار سىنىپىنى، بايلارنى بەھرىمەن قىلىدىغان دېموكراتىيە تۈزۈمى. كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىكى ئەركىنلىك باشتىن - ئاخىر قەدىمقى يۇنان جۇمھۇرىيىتىدىكى پەقەت قۇلدار- لارنىلا بەھرىمەن قىلىدىغان ئەركىنلىككە ئومۇمەن ئوخشايدۇ. ھازىرقى زامان ياللانما قۇللىرىنىڭ كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە شارائىتىدا نامراتچىلىق دەستىدىن «دېموكراتىيە بىلەن ھېساپ- لىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى بولمىغان»، «سىياسى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى بولمىغان»، ئاھالىنىڭ زور كوپچىلىگى ئادەتتىكى تېچ ۋەزىيەتتە ئىجتىمائىي سىياسى تۇرمۇشنىڭ سىرتىغا قېقىلغان.

گېرمانىيىنى بۇ ھوكۇمىنى ئىسپاتلاشتا ئەڭ روشەن مىسال

دىيىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ دۆلەتتە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن قانۇنىيلىق ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، يېرىم ئەسىر دىگۈدەك (1871 — 1914 - يىللار) ساقلىنىپ كەلدى، بۇ مەزگىلدە، گېرمانىيە سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ «قانۇنىيلىقتىن پايدىلىنىش» جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمىتى باشقا دۆلەتلەردىكى سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ بولدى، بولۇپمۇ ئۇ ئىشچىلارنىڭ پارتىيىگە قاتنىشىش نىسبىتىنى دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇكسەكلىككە يەتكۈزدى.

ئۇنداق بولسا، بۇنداق سىياسى ئاڭغا ئىگە، ئاكتىپ ياللانما قۇللارنىڭ كاپىتالىزىم جەمىيىتىدە ئىگىلىگەن ئەڭ يۇقىرى پىرسەنتى زادى قانچە؟ 15 مىليون ياللانما ئىشچىدىن ئاران 1 مىليونىلا سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى! 15 مىليون ياللانما ئىشچىنىڭ ئاران 3 مىليونىلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى!

دېموكراتىيىدىن ئىنتايىن ئازچىلىق بەھرىمەن بولۇش، بايلار بەھرىمەن بولۇش — مانا بۇ، كاپىتالىزىم جەمىيىتىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمى. ئەگەر كاپىتالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈلۈشى تەپسىلى تەكشۈرۈلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، سايلام قانۇنىنىڭ «ئۇششاق - چۈششەك» (گويا ئۇششاق - چۈششەكتەك) ماددىلىرى (ئولتۇراقلاشقان يىل چەكلىمىسى، ئاياللارنىڭ چەتكە قېقىلىشى ۋە باشقىلار) ياكى ۋاكالەت ئورگانلىرىدىكى ئىش رەسمىيەتلىرى ياكى يىغىن ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدىكى ئەمىلىي توسالغۇلار (جامائەت يىغىن مەيدانلىرىنى «قەلەندەرلەر»نىڭ ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىق!) ياكى ساپ كاپىتالىستىك پىرىنسىپ بويىچە گېزىت چىقىرىش قاتارلىق پاكىتلاردىن دېموكراتىيىنىڭ

ھەممىلا يەردە قاتمۇ ـ قات چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. كەمبەغەللەرگە قارىتىلغان بۇنداق خىلمۇـخىل چەكلەش، مەنئىي قىلىش، چەتكە قېقىش ۋە توسقۇنلۇقلار قارىماققا ناھايىتى ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشتەك كورۇنىدۇ، بولۇپمۇ نامراتلىقنى زادىلا ئوز بېشىدىن كەچۇرۇپ باقمىغان، ئېزىلگۇچى سىنىپلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا زادىلا يېقىنلىشىپ باقمىغان كىشىلەرگە (بۇنداق كىشىلەر بۇرژۇئا جېنتلۇنجىيالىرى ۋە سىياسىچىلىرى ئىچىدە يۇزدىن توقسان توققۇزىنى تەشكىل قىلىمىغان تەقدىردىمۇ، ئوندىن توققۇزىنى تەشكىل قىلىدۇ) ناھايىتى ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشتەك كورۇنىدۇ، لېكىن بۇ چەكلەشلەرنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا، كەمبەغەللەرنى سىياسى تۇرمۇشتىن چەتكە قېقىپ ۋە چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى دېموكراتىك تۇرمۇشقا پائال قاتنىشالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ماركس كاپىتالىستىك دېموكراتىيىنىڭ بۇ **ماھىيىتىنى** دەل جايىدا تۇتۇۋالغان، ئۇ گوكشېنىڭ تەجرىبىسىنى تەھلىل قىلغان چېغىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئېزىلگۇچىلەرنىڭ زادى ئەزگۇچى سىنىپلار ئىچىدىكى قايسىبىر ۋەكىلىنىڭ يىخۇيدا ئېزىلگۇچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى باستۇرىدىغانلىقىنى بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم قارار قىلىشىغا يول قويۇش دېمەكتۇر!

لېكىن بۇنداق مۇقەررەر ھالدا تار بولغان، كەمبەغەللەرنى يوشۇرۇنلۇقچە چەتكە قاقىدىغان، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ پۇتۇنلەي ساختا ۋە ئادەم ئالدايدىغان كاپىتالىستىك دېموكراتىيىدىن ئالغا قاراپ تەرەققى قىلىش ھەرگىزمۇ ھورىيەتچىلەردىن بولغان جياۋشۇلارنىڭ ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا جىخۇيجۇيىچىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك، ئاددى، بىۋاستە، تۇراقلىق ھالدا «كۇندىن ـ كۇنگە ئۇزۇل ـ كېسىل

دېموكراتىيە»گە قاراپ مېڭىش بولمايدۇ. ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. ئالغا قاراپ تەرەققى قىلىش يەنى كوممۇنىزمغا قاراپ تەرەققى قىلىش پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئارقىلىق بولۇشى لازىم، باشقا يولدا مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى كاپىتالىستلارنىڭ **قارشىلىقىنى تارمار** قىلالايدىغان بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ۋە ھېچقانداق يول يوق.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ يەنى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ شىيەنفېڭ-دۈيىنىڭ ھوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئەزگۈچىلەرنى باستۇرۇشى دېموكراتىيىنىڭ ئاددى ھالدا كېڭەيتىلىشىلا بولمايدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دېموكراتىيىنى كەڭ كولەمدە كېڭەيتىپ، دېموكراتىيىنى بايلار بەھرىمەن بولىدىغان ئەمەس، بەلكى **بىرىنچى قېتىم** كەمبەغەللەر بەھرىمەن بولىدىغان، خەلق بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيىگە ئايلاندۇرۇشتىن **تاشقىرى،** يەنە ئەزگۈچىلەرنى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى، كاپىتالىستلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىشى لازىم. ئىنسانىيەتنى ياللانما قۇللۇق تۈزۈمدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن، ئۇنداق كىشىلەرنى باستۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى زورلۇق بىلەن تارمار قىلىشىمىز لازىم، — روشەنكى، باستۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان ۋە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلگەنلىكى جايدا، ئەركىنلىكمۇ بولمايدۇ، دېموكراتىيىمۇ بولمايدۇ.

ئېنگېلسنىڭ بېبېلغا يازغان خېتىدە بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى شەرھىلىگەنلىكى كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پرولېتارىيات دۆلەتكە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز دۈشمەنلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن مۇھتاج،

ئەركىنلىك ھەقىقەدە سوزلەش مۇمكىن بولغان چاغدا، دولەت مەۋجۇت بولماي قالىدۇ.»

مۇتلەق كوپچىلىك كىشىلەر دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان ئۇنسۇرلارنى زورلۇق بىلەن باستۇرۇش يەنى ئۇلارنى دېموكراتىيىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش — مانا بۇ، كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا **ئۆتۈش** شارائىتىدىكى شەكلەيى ئۆزگەرگەن دېموكراتىيە.

پەقەت كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە، كاپىتالىستلارنىڭ قارشىلىقى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىنغان، كاپىتالىستلار يوقالغان، سىنىپ مەۋجۇت بولماي قالغان (يەنى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىدە ھېچقانداق پەرق قالمىغان) چاغدىلا، — **پەقەت** شۇ چاغدىلا، «دولەت يوقىلىدۇ، **ئەركىنلىك ھەققىدە سوزلەشكە مۇمكىن بولىدۇ**». پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا، ھەقىقىي تولۇق، ھەرقانداق مەنئى قىلىنىشتىن ھەقىقى خالى دېموكراتىيىنىڭ بولۇشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولىدۇ. پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا، دېموكراتىيە **ھالاك بولۇشقا** باشلايدۇ، بۇنىڭ داۋلىسى ناھايىتى ئاددى: كىشىلەر كاپىتالىستىك قۇللۇق تۇزۇمدىن قۇتۇلغان، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۇزۇمى كەلتۇرۇپ چىقارغان ھېساپسىز دەھشەتلىك، قەبىھ، بىمەنە ۋە رەزىل ھادىسىلەردىن قۇتۇلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، نەچچە يۇز يىلدىن بۇيان كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ كەلگەن، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى بارلىق تەمسىللەردە تەكرارلىنىپ كەلگەن ئەقەللى جامائەت تۇرمۇشى پىرىنسىپىغا رىايە قىلىشقا پەيدىن - پەي **ئادەتلىنىدۇ**، بۇ پىرىنسىپلارغا ئۇزلۇگىدىن رىايە قىلىدۇ، زورلۇق

كۆچىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، مەجبۇرلاشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، بويسۇندۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، دولەتتىن ئىبارەت مەجبۇرلاشنى ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق **ئالاھىدە ئورگاننىڭ ھاجىتى قالمايدۇ**.

«دولەت **ھالاك بولۇپ بارىدۇ**» دىگەن بۇ سوز ئىنتايىن مۇۋاپىق ئېيتىلغان، ئۇ جەرياننىڭ تەدرىجىلىگىنىمۇ كورسىتىدۇ، جەرياننىڭ زىففالىغىنىمۇ كورسىتىدۇ. پەقەت ئادەتلا مۇشۇنداق تەسىر كورسەتەلەيدۇ ۋە چوقۇم كورسىتىدۇ، چۈنكى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا شۇنى كورىمىزكى، ئەگەر ئېكسپىلاتاتسىيە بولمىسا، كىشىلەرنى غەزەپلەندۈرىدىغان، نارازىلىق ۋە قوزغىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەمدە **باستۇرۇشنى** زورۇرىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان مەلۇم ھادىسىلەر بولمىسا، ئۇ ھالدا، كىشىلەر ئوزلىرى ھاجەت بولغان جامائەت تۇرمۇشى پىرىنسىپىغا رىئايە قىلىشقا نەقەدەر ئاسان ئادەتلىنەلەيدىغانلىقى بولاتتى.

قىسقىسى، كاپىتالىزىم جەمىيىتىدىكى دېموكراتىيە — بىر خىل تولۇق بولمىغان، نامرات ۋە ساختا دېموكراتىيە، بايلارلا، ئاز سانلىق كىشىلەرلا بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى يەنى كوممۇنىزىمغا ئوتۇش دەۋرى خەلق بەھرىمەن بولىدىغان، زور كوپچىلىك كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە بىلەن تۇنجى قېتىم تەمىن ئېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئازچىلىق كىشىلەرگە يەنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا زورۇر بولغان باستۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. پەقەت كوممۇنىزىملا ھەقىقى تولۇق دېموكراتىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، دېموكراتىيە قانچە تولۇق بولسا ئۇ شۇنچە تېزلىكتە ھاجەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ،

شۇنچە تېزلىكتە ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كاپىتالىزم شارائىتىدا مەۋجۇت بولىدىغىنى ئەسلى مەنىدىكى دۆلەت، يەنى بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى باستۇرىدىغان، ئاز ساندىكى كىشىلەر كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى باستۇرىدىغان ئالاھىدە ماشىنا. ناھايىتى روشەنكى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى شىتۇڭلۇق ھالدا باستۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىنتايىن قەبىھ، ئىنتايىن دەھشەتلىك باستۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ، سانسىز قانلىق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق قانلىق ۋەقەلەرنى ئىنسانلار قۇللۇق تۈزۈم، نوڭنۇلۇق تۈزۈم ۋە ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى شارائىتىدا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئۇنىڭدىن قالسا، كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا **ئۆتۈش** ۋاقتىدا باستۇرۇش **يەنىلا** زۆرۈر، لېكىن بۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى باستۇرۇشىدىن ئىبارەت. باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە ئورگان، ئالاھىدە ماشىنا يەنى «دۆلەت» **يەنىلا** زۆرۈر، لېكىن بۇ ئۆتكۈنچى خاراكتېردىكى دۆلەت بولىدۇ، ئەسلى مەنىدىكى دۆلەت بولمايدۇ، چۈنكى تېخى **تۈنۈگۈنلا** ياللانما قۇل بولغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى باستۇرۇشى بىر قەدەر ئاسان، بىر قەدەر ئاددىي ۋە بىر قەدەر تەبىئىي ئىش، تۆكۈلىدىغان قان ئىلگىرى قۇللار، نوڭنۇلار ۋە ياللانما ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغان چاغدىكىدىن ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ يولدا بېرىدىغان

بەدىلى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باستۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دېموكراتىيە مۇتلەق زور كۆپچىلىك ئاھالىگىچە كېڭەيتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان **ئالاھىدە ماشىنىنىڭ** زورۇرىيىتى يوقىلىشقا باشلايدۇ. تەبىئىكى، ئەگەر باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ ماشىنا بولمىسا، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار خەلقنى باستۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ، لېكىن **خەلق** بولسا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى ئاددى «ماشىنا» بىلەنلا يەنى «ماشىنا»نى كېرەك قىلماي، ئالاھىدە ئورگاننى كېرەك قىلماي دىگۇدەكلا، **قوراللانغان ئاممىۋى تەشكىلات** (مەسىلەن، ئىشچى-ئەسكەر ۋەكىللىرى سوۋېتى ئارقىلىق، —بىز بۇ يەردە ئالدىن ئېيتىپ قويايلى) ئارقىلىقلا باستۇرالايدۇ.

ئاخىردا، پەقەت كوممۇنىزىملا دولەتنى پۈتۈنلەي ھاجەتسىز قىلالايدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا باستۇرۇشقا تېگىشلىك **كىشى قالمايدۇ**، —بۇ يەردىكى «كىشى قالمايدۇ» دىگەن سوز **سىنىپقا قارىتىلغان**، ئاھالىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان شىتۇكلۇق كۈرەشكە قارىتىلغان. بىز خىيالپەرەسلەر ئەمەسمىز، بىز **ئايرىم كىشىلەرنىڭ** پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ مۇمكىنلىگى ۋە مۇقەررەرلىگىنىمۇ قىلچە ئىنكار قىلمايمىز، شۇنداقلا **بۇنداق** پاراكەندىچىلىكنى باستۇرۇشنىڭ زورۇرلۇگىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن، بىرىنچىدىن، بۇ ئىشنى ئىشلەش ئۈچۈن، باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان قانداقتۇ ئالاھىدە ماشىنا، ئالاھىدە ئورگاننىڭ بولۇشى ھاجەتسىز، بۇ ئىشنى قوراللانغان خەلق ئۆزى ئىشلەپ كېتەلەيدۇ، بەلكى خۇددى ھازىرقى زامان جەمىيىتىدە ھەرقانداق بىر توپ

مەدىنى كىشىلەرنىڭ سوقۇشۇپ قالغان كىشىلەرنى نەسىھەت بىلەن ئاجرىتىپ قويغىنىغا ياكى ئاياللارنى خورلاشنى چەكلىگىنىگە ئوخشاش، ناھايىتى ئاددى ۋە ئاسانلا ئىشلەپ كېتەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بىزگە مەلۇمكى، ئاممىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىشى ۋە نامراتلىقى جامائەت تۇرمۇشى پرىنسىپىغا خىلاپ پاراكەندىچىلىك ھەركەتلىرىنى تۇغدۇرىدىغان ئىجتىمائى مەنبە. بۇ ئاساسىي سەۋەپ تۈگىتىلىش بىلەنلا، پاراكەندىچىلىك ھەركەتلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا **«ھالاك بولۇش»**قا باشلايدۇ. گەرچە بىز ھالاك بولۇشىنىڭ سۈرئىتىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق دەرىجىدە بارىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن، بۇنداق ھەركەتلەرنىڭ جەزمەن ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنداق ھەركەتلەر ھالاك بولۇش بىلەنلا، دولەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ **ھالاك بولىدۇ.**

ماركس خام خىيالغا بېرىلىپ كەتكىنى يوق، مۇشۇ كەلگۈسى توغرىسىدا ئۇ پەقەت **ھازىر** بەلگىلەشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى يەنى كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن يۇقۇرى باسقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىر قەدەر تەپسىلى بەلگىلىگەن.

## 3. كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى

ماركس «گوتا گاڭلىڭغا پىپەن»دە لاسسالىنىڭ سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ئەمگەكچىلەر «كەم ـ كوتىسىز» ياكى «بارلىق ئەمگەك مەھسۇلاتى»غا ئېرىشىدۇ، دىگەن ئىدىيىسىگە تەپسىلى رەددىيە بېرىدۇ. ماركس، پۈتكۈل جەمىيەتنىڭ بارلىق ئىجتىمائى ئەمگىكىدىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ زاپاس فوند قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى

كېڭەيتىش فوندى ۋە «ئۈپرىغان» ماشىنىلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش خىراجىتى قىلىش كېرەك ۋە باشقىلار، ئاندىن ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن يەنە بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە مەكتەپ، دوختۇرخانا، ياشلاۋيوەن قاتارلىقلارنىڭ فوندى قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ماركس لاسساللىغا ئوخشاش بەزىبىر مۇجمەل ۋە تومتاق گەپلەرنى («بارلىق ئەمگەك مەھسۇلاتى ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ») قىلماي، بەلكى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قانداق باشقۇرۇش كېرەكلىكى مەسىلىسىنى سوغاققانلىق بىلەن تەكشۈرگەن. ماركس كاپىتالىزمدىن خالى بۇنداق جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنى **كونكرېت** تەھلىل قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز» (ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ گاگىلىگىنى تەھلىل قىلغاندا) «ئۇ ئۆز ئاساسىدا **راۋاجلانغان** كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن ئەمدىلا **ۋۇجۇتقا كەلگەن** كوممۇنىزم جەمئىيىتى، شۇڭا، ئۇ ھەر جەھەتتە — ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۆزى تۇرەلگەن ھېلىقى كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ.»

كاپىتالىزمدىن ئەمدىلا تۇرەلگەن، ھەر جەھەتتە كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرىنى ساقلاپ قالغان بۇ كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ماركس كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ «بىرىنچى» باسقۇچى ياكى تۆۋەن باسقۇچى دەپ ئاتىغان.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولمايدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ.

جەمىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى جەمىيەتكە زورۇر بولغان مەلۇم بىر قىسىم ئەمگەكنى ئورۇنلايدۇ ھەمدە جەمىيەتتىن ئۇزىنىڭ قانچىلىك مىقتاردا ئەمگەك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋانامە ئالىدۇ. ئۇ بۇ گۇۋانامىگە ئاساسەن، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىجتىمائىي زاپىسىدىن تېگىشلىك مىقتاردا مەھسۇلات ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جەمىيەت فوندى قىلىنغان بىر قىسىم ئەمگەكنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ جەمىيەتتىن ئالىدىغىنى ئۇنىڭ جەمىيەتكە قوشقان توھپىسى بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، «تەڭلىك» ئىشقا ئاشقاندەك بولىدۇ.

لېكىن، لاسسال مۇشۇنداق جەمىيەت تۈزۈمى (ئادەتتە سوتسىيالىزىم دېيىلگەن، ماركس كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى دەپ ئاتىغان)نى «ئادىل تەقسىمات»، «ھەر بىر كىشى تەڭ دەرىجىدە ئەمگەك مەھسۇلاتىغا ئىگە بولىدىغان تەڭ ھوقۇققا ئىگە» دېگىنىدە ئۇ خاتا قىلغان ئىدى، شۇڭا ماركس ئۇنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

ماركس مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە ھەقىقەتەن «تەڭ ھوقۇق» بار، لېكىن بۇ **يەنىلا** «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى» بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ھوقۇققا ئوخشاشلا، **تەڭسىزلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ**. ھەرقانداق ھوقۇق **ئوخشاش** ئۆلچەمنى **ئوخشاش بولمىغان** كىشىلەرگە تەتبىق قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، **بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان**، ئوخشاش دەرىجىدە بولمىغان كىشىلەرگە تەتبىق قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، «تەڭ ھوقۇق» تەڭ ئەمەس، ئادىل ئەمەس. دەرۋەقە، ھەركىم باشقىلارغا ئوخشاش دەرىجىدە بىر ئۆلۈش ئىجتىمائىي ئەمگەك قىلغان ئىكەن، ئوخشاش دەرىجىدە بىر ئۆلۈش ئىجتىمائىي مەھسۇ-

لات (يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۇتۇپ قېلىنغىنىدىن باشقا) ئالدۇ.

هالبۇكى، ھەر بىر شەخس ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ: بەزىسى كۈچلۈكرەك، بەزىسى ئاجىزراق بولىدۇ؛ بەزىسى تۇرمۇش قۇرغان، بەزىسى تۇرمۇش قۇرمىغان بولىدۇ؛ بەزىسىنىڭ بالىلىرى كۆپرەك، بەزىسىنىڭ بالىلىرى ئازراق بولىدۇ ۋاھاكازا.

ماركس خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ......«ئوخشاش ئەمگەك شارائىتىدا، شۇنىڭ بىلەن جەمىيەتتىن ئالغان ئىستېمال بۇيۇم-لىرىنىڭ مىقتارى ئوخشاش بولغان شارائىتتا، مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېرىشكىنى باشقا بىر شەخسنىڭكىگە قارى-غاندا كۆپرەك بولىدۇ، دېمەك، ئۇ باشقا بىر شەخسكە قارىغاندا باي راق بولىدۇ ۋاھاكازا. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خالى بولۇش ئۈچۈن، ھوقۇق تەڭ بولماسلىقى بەلكى تەڭسىز بولۇشى لازىم»......

شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، ئادىل-لىقنى ۋە تەڭلىكنى تېخى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، باياشاتلىق دەرىجىسى يەنىلا ئوخشاش بولمايدۇ، ئوخشاش بولماسلىقنىڭ ئۆزى ئادىل بولمىغانلىق. لېكىن كىشىنى كىشى **ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش** مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا زاۋۇت، ماشىنا ۋە يەر قاتار-لىق **ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى** خۇسۇسى مۈلۈك قىلىۋېلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ماركس لاسساللنىڭ **ئومۇمەن** «تەڭلىك» ۋە «ئادىللىق» توغرىسىدىكى مۇجمەل، ئۇششاق بۇرژۇئاچە گېپىنى رەت قىلىپ تاشلاپ، كوممۇنىزم جەمىيىتىنىڭ **تەرەققىيات جەريانىنى** كۆرسەتكەن، بۇ جەمىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپتە **پەقەتلا** ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى خۇسۇسىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈۋېشىدىن

ئىبارەت بۇ «ئادىل بولمىغان» ھادىسىنى يوقىتالايدىغانلىقىنى، ئىستىمال بۇيۇملىرىنى «تەڭمۇتەڭ قاراپ» (ئېھتىياجىغا قاراپ ئەمەس) تەقسىم قىلىشتەك يەنىلا مەۋجۇت ئادىل بولمىغان ھادىسىنى دەرھال يوقىتىپ **كېتەلمەيدىغانلىقىنى** چۈشەندۇرۇپ ئۆتكەن.

چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلار (جۈملىدىن بۇرژۇئا جياۋشۇلىرى ۋە «بىزنىڭ» تۇگان[1]) سوتسىيالىزىمچىلارنى، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى ئۇنتۇدى، ئۇلار بۇنداق تەڭسىزلىكنى يوقىتىشنى «خام خىيال» قىلدى، دەپ ھەر دائىم ئەيىپلەيدۇ. بىز بۇنداق ئەيىپلەش پەقەت بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرى بولغان ئەپەندىلەرنىڭ ئىنتايىن بىلىمسىزلىكىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنىلا كورىمىز.

ماركس كىشىلەر ساقلىنىپ بولمايدىغان تەڭسىزلىكنى ئىنتايىن توغرا مولچەرلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى شۇنىمۇ مولچەرلىگەنكى، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ئومۇمى ئىگىدارچىلىقىغا (ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان «سوتسىيالىزىم»غا) ئۆتكۈزگەندىمۇ، تەقسىمات جەھەتتىكى كەمچىلىكنى ۋە «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى»دىن ئىبارەت تەڭسىزلىكنى يەنە **تۈگەتكىلى بولمايدۇ**، مەھسۇلاتلارنى «تەڭمۇتەڭ قاراپ» تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى» **يەنىلا ھوكۇمرانلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.**

ماركس داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ......«لېكىن،

---

[1] روسىيە بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسى تۇگان بارانوۋسكى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، ئۇنىڭ ئۇزاق تولغاق ئازاۋىنى تارتىپ كاپىتالىزىم جەمىيىتىدىن ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن شىكتەيدە بۇ كەمچىلىكلەردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. هوقۇق جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىن ۋە جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە چەكلەپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن مەڭگۈ ئېشىپ كېتەلمەيدۇ»......

شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا (ئادەتتە سوتسىيالىزىم دەپ ئاتىلىدۇ) «بۇرژۇئا هوقۇقچىلىقى» تولۇق بىكار **قىلىنمايدۇ**، بەلكى قىسمەنلا بىكار قىلىنىدۇ، پەقەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش دائىرىسىدىلا يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتىلا بىكار قىلىنىدۇ. «بۇرژۇئا هوقۇقچىلىقى» ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ شەخسنىڭ خۇسۇسى مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. سوتسىيالىزىم بولسا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى **ئومۇم** مۈلكىگە ئايلاندۇرىدۇ. «بۇرژۇئا هوقۇقچىلىقى» **مۇشۇ دائىرىدە**، پەقەت مۇشۇ دائىرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ.

لېكىن ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنىلا جەمىيەتنىڭ هەر بىر ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا مەهسۇلاتنى ۋە ئەمگەكنى تەقسىم قىلىدىغان تەڭشىگۈچى (بەلگىلىگۈچى) بولۇپ تۇرىدۇ. «ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ» دېگەن سوتسىيالىزىمنىڭ بۇ پىرىنسىپى **ئاللىقاچان** ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولىدۇ؛ «تەڭ مىقداردىكى ئەمگەككە ئاساسەن تەڭ مىقداردا مەهسۇلات ئېلىش» دېگەن سوتسىيالىزىمنىڭ بۇ پىرىنسىپىمۇ **ئاللىقاچان** ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ تېخى كوممۇنىزىم ئەمەس، ئۇنىڭدا ئوخشاش

بولمىغان دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭ تەڭ بولمىغان مىقتاردىكى (ئەمىلىيەتتە تەڭ بولمىغان مىقتاردىكى) ئەمگىكىگە ئاساسەن تەڭ مىقتاردا مەھسۇلات بېرىدىغان «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىغى» تېخى تۈگىتىلمىگەن بولىدۇ.

ماركس مۇنداق دەيدۇ: بۇ بىر «كەمچىلىك»، لېكىن كوممۇ-نىزىمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئۇنىڭدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ، ئەگەر كىمكى خىيالپەرەسلىككە پېتىپ قېلىشنى خالىمايدىكەن، ئۇ حالدا، كاپىتالىزىم ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر دەرھاللا **ھېچقانداق ھوقۇقچىلىق-قائىدىگە مۇھتاج بولمايلا** جەمىيەت ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشنى بىلىۋالىدۇ، دەپ ھېساپلىماسلىق كېرەك، ۋاھالەنكى، كاپىتالىزىمنىڭ بىكار قىلىنىشى **بۇنداق** ئۆزگىرىشنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالدىنقى شەرتلىرىنى **دەرھاللا يارىتىپ بېرەلمەيدۇ.**

ئەمما «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىغى»دىن باشقا، بولەكچە قائىدە يوق. شۇڭا مۇشۇ دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىكنى قوغداش، ئەمگەك تەڭلىكىنى قوغداش ۋە مەھسۇلات-لارنى تەقسىم قىلىشتىكى تەڭلىكنى قوغداش ئۈچۈن دولەت يەنىلا زورۇر.

كاپىتالىستلار قالمىغانلىقتىن، سىنىپلار قالمىغانلىقتىن، شۇنىڭ بىلەن **باستۇرۇلىدىغان سىنىپ** ھەم قالمىغانلىقتىن، دولەت ھالاك بولۇپ بېرىۋاتىدۇ.

لېكىن، دولەت تېخى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كەتمىدى، چۈنكى ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەڭسىزلىككە يول قويىدىغان «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىغى»نى يەنىلا قوغداشقا توغرا كېلىدۇ.

دولەتنىڭ پۈتۈنلەي هالاك بولۇشى ئۈچۈن، تولۇق كوممۇنىزىم بولۇشى كېرەك.

## 4. كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى

ماركس ئارقىدىنلا مۇنداق دەيدۇ:

......«كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ يۇقۇرى باسقۇچىدا، كىشىلەرنى ئىش تەقسىماتىغا قۇللارچە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئەھۋال يوقالغاندىن كېيىن؛ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقالغان چاغدا؛ ئەمگەك تىرىكچىلىك ۋاستىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى بولغان چاغدا؛ شەخسلەرنىڭ ئەتراپلىق ئوسۇشىگە ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ ئوسۇپ، جەمىيەت بايلىقىنىڭ بارلىق مەنبەسى تولۇق راۋان بولغان چاغدا، — پەقەت مۇشۇ چاغدىلا، ئاندىن بۇرژۇئا هوقۇقچىلىقىنىڭ تار نەزەر دائىرىسىدىن تامامەن هالقىپ چىققىلى بولىدۇ، جەمىيەت ئاندىن ئۆز بايرىقىغا مۇنداق دەپ يېزىپ قويالايدۇ: ”هەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، هەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش“.»

بىز ئېنگېلسنىڭ «ئەركىنلىك» بىلەن «دولەت»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاتالغۇنى قوشۇۋېتىشتەك بىمەنە چۈشەنچىنى رەھىمسىزلىك بىلەن مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ نەقەدەر توغرىلىقىنى ئەمدى تونۇماقتىمىز. دولەت بولىدىكەن، ئەركىنلىك بولمايدۇ، ئەركىنلىك

بولىدىكەن، دولەت بولمايدۇ.

دولەتنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى — كوممۇنىزىمنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشى، ئۇ چاغدا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق يوقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان **جەمىيىتىدىكى** تەڭسىزلىكنىڭ ئەڭ موھىم بىر مەنبەسىمۇ يوقىلىدۇ، لېكىن، بۇ مەنبەنى ھەرگىز ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇم مۈلكىگە ئايلاندۇرۇشقا، كاپىتالىستلارنى مەھرۇم قىلىشقا تايىنىش بىلەنلا دەرھال تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

بۇنداق مەھرۇم قىلىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى **مۇمكىن.** بىز كاپىتالىزمنىڭ ھازىر بۇنداق راۋاجلىنىشقا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە **توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى** ۋە ئېرىشىلگەن ھازىرقى زامان تېخنىكىسى ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنە زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىكەنمىز، ئىنتايىن تولۇق ئىشەنچ بىلەن، كاپىتالىستلارنى مەھرۇم قىلىش چوقۇم ئىنسانىيەت جەمىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قانداق تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدىغانلىقىنى ۋە قانداق تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىپ ئىش تەقسىماتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى يوقىتىپ، ئەمگەكنى «تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى»غا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بەلكى بىلىشىمىزمۇ **مۇمكىن ئەمەس.**

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پەقەت دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئۈستىدىلا سۆز ئاچالايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جەرياننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى كوممۇنىزمنىڭ **يۇقىرى باسقۇچىنىڭ** راۋاجلىنىش سۈرئىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنىلا نۇقتىلىق كۆرسىتەلەيمىز. ھالاك بولۇپ بېرىش مۇددىتى ياكى ھالاك بولۇپ بېرىشنىڭ كونكرېت شەكلى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى پەقەت ھەل قىلىنمىغان مەسىلە قىلىشقىلا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ھازىر بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەمىنلىگۇدەك ماتېرىيال تېخى **يوق**.

جەمئىيەتتە «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» پىرىنسىپى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا، يەنى كىشىلەر جامائەت تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىغا رىئايە قىلىشقا ناھايىتى ئادەتلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، شۇڭا ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن **قابىلىيىتىگە يارىشا** ئىشلەيدىغان بولغان چاغدا، ئاندىن دۆلەت پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. ئۇ چاغدا، «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقىنىڭ تار نەزەر دائىرىسى»دىن ھالقىپ چىققىلى بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ شېيلوكقا[1] ئوخشاش رەھىمسىزلىك بىلەن يېرىمدىن يىگىنىسىگىچە ھېساپلىشىپ، باشقىلاردىن يېرىم سائەت ئارتۇق ئىشلەشنى، باشقىلاردىن سەللا كەم ھەق ئېلىشنى خالىمايدىغان تار نەزەر دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا، مەھسۇلاتلارنى

---

[1] شېيلوك ــ ئەنگلىيىلىك يازغۇچى شېكىسپېرنىڭ «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» ناملىق سەھنە ئەسىرىدىكى تىپىك جازانىخور. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

تەقسىم قىلىنغاندا ھەركىمنىڭ ئېلىشغا تېگىشلىك مەھسۇلات مىقتارىنى جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىشىگە ھاجەت قالمايدۇ؛ ھەركىم «ئېھتىياجىغا قاراپ» ئەركىن ھالدا ئېلىپ ئىشلىتىۋېرىدۇ.

بۇرژۇئا نۇقتىسىنەزىرىدىن بۇنداق ئىجتىمائى تۈزۈم ناھايىتى ئاسانلا، «ساپ ئۇتوپىيە» دېيىلىشى ھەمدە سوتسىيالىزىمچىلار ھەركىمنىڭ جەمئىيەتتىن شىياڭچۈن، ئاپتوموبىل، گاڭچىن قاتارلىق-لارنى خالىغان مىقتاردا ئېلىش ھوقۇقى بارلىقى، گۇڭمىنلارنىڭ ئەمگىكىگە ھېچقانداق نازارەت قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى، دەپ مەسخىرە قىلىنىشى مۇمكىن. دەل بۇگۈنكى كۈندە، زور كۆپچىلىك بۇرژۇئا «ئالىملىرى»مۇ مۇشۇنداق كىنايە سۆزلەر بىلەن مادارا قىلىشماقتا، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى ۋە كاپىتالىزىمنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئاقلايدىغانلىقىنىلا ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

ئۇلارنى نادان دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، كوممۇنىزىمنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچى يېتىپ كېلىدۇ، دەپ «ۋەدە بېرىش» ھېچبىر سوتسىيالىزىمچىنىڭ ئويىغا كەلگەن ئەمەس، ئەمما ئۇلۇغ سوتسىيالىزىمچىلار بۇ باسقۇچنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى **ئالدىن كورگەن** چاغدا تەسەۋۋۇر قىلغان ئالدىنقى شەرت ھازىرقى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىمۇ ئەمەس، **ھازىرقى** چاكىنا ئادەملەرمۇ **ئەمەس**، چۈنكى بۇنداق چاكىنا ئادەملەر دەل پومىيالوۋسكىنىڭ رومانىدىكى جىياۋخۇي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدەك جەمئىيەت-نىڭ بايلىق زاپىسىنى «بىكاردىن-بىكار» بۇزۇشقا ۋە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان.

كوممۇنىزمنىڭ «يۇقۇرى» باسقۇچى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سوتسىيالىزمچىلار جەمىيەت **ۋە دولەتتىن** ئەمگەك ئولچىمى بىلەن ئىستىمال ئولچىمى ئۇستىدە **ئىنتايىن قاتتىق** نازارەتنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىراق بۇنداق نازارەت كاپىتالىستلارنى مەھرۇم قىلىشتىن ۋە ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستلارغا نازارەت قىلىشىدىن **باشلىنىشى** ھەمدە ئۇنى ئەمەلدارلار دولىتى ئەمەس، بەلكى **قوراللانغان ئىشچىلار** دولىتى يولغا قويۇشى كېرەك.

بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى (ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى، مەسىلەن، سېرېتېلى ئەپەندى، چېرنوپ ئەپەندى ئېقىمىدىكىلەر)نى كاپىتالىزمنى ئوز پايدىسى ئۇچۇن ئاقلايدۇ دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار **ھازىرقى** سىياسى جەھەتتىكى جىددى مەسىلىلەر ئۇستىدە: كاپىتالىستلارنى مەھرۇم قىلىش، **بارلىق** گۇگمىنلارنى **بىر** چوڭ «سىندىكات»قا يەنى پۇتكۇل دولەتنىڭ خادىملىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە پۇتكۇل سىندىكاتنىڭ بارلىق خىزمىتىنى ھەقىقى دېموكراتىك دولەتكە يەنى **ئىشچى-ئەسكەر ۋەكىللىرى سوۋېتى دولىتىگە** پۇتۇنلەي بويسۇندىغان قىلىش ئۇستىدە **ئېغىز ئاچماي**، بەلكى يىراق كەلگۇسى توغرىسىدا تېتىقسىز مۇنازىرە قىلىشىدۇ ۋە قۇرۇق گەپ سېتىشىدۇ.

ئەمىلىيەتتە، بىلىمدان جياۋشۇلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتكەن چاكىنا كىشىلەر ھەم سېرېتېلى ئەپەندى، چېرنوپ ئەپەندى ئېقىمىدىكىلەر بىمەنە ئۇتوپىيە، بولشېۋىكلارنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان ۋەدىسى، «ئەمەلگە قويۇش»قا بولمايدىغان سوتسىيالىزم دېگىنىدە ئۇلار دەل كوممۇنىزمنىڭ يۇقۇرى باسقۇچىنى كوزدە

تۇتقان، لېكىن، ھېچكىممۇ كوممۇنىزىمنىڭ يۇقۇرى باسقۇچىنى «ئەمەلگە قويۇش» ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ئەمەس، ھەتتا «ئەمەلگە قويۇش»نى ئويلىغانمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇنى «ئەمەلگە قويۇش» زادىلا مۇمكىن بولمايتتى.

بىز بۇ يەردە سوتسىيالىزىم بىلەن كوممۇنىزىمنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى پەرقى مەسىلىسىنى سوزلىمەكچىمىز، بۇ مەسىلە بىز يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئېنگېلسنىڭ «سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار» دىگەن بۇ نام مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ ئېيتقان بىر ئابزاس سوزىدە ئېيتىپ ئوتۇلگەن ئىدى. كوممۇنىزىمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ياكى تۇۋەن باسقۇچى بىلەن كوممۇنىزىمنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، سىياسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، كەلگۈسىدە ئېھتىمال ناھايىتى چوڭ بولار، لېكىن ھازىر كاپىتالىزىم شارائىتىدا ئۇ ھەقتە توختىلىش ناھايىتى كۈلكىلىك، پەقەت ئاز ساندىكى ھوكۇمەتسىزلەر بۇ پەرقنى ئەڭ موھىم ئورۇنغا قويۇشى مۇمكىن (ئەگەر گراۋا، كورنېلىسسېنغا ئوخشاش كروپوتكىن ئېقىمىدىكى كىشىلەر ۋە ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ باشقا «پىرلىرى» «پلېخانوپقا ئوخشاش» سوتسىيال شوۋىنىزىمچىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ياكى نومۇس ۋە ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويىمغان ھوكۇمەتسىزگې ئېيتقاندەك، ھوكۇمەتسىز ۋەتەن قوغدىغۇچى جەڭچىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ھوكۇمەتسىزلەر ئارىسىدىن قىلچە نەرسىنى ئۇگىنىۋالالمىغان يەنە بەزىلەر چىقسا).

لېكىن سوتسىيالىزىم بىلەن كوممۇنىزىمنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى روشەن. ماركس ئادەتتە ئېيتىلىدىغان سوتسىيالىزىمنى كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ «بىرىنچى» باسقۇچى ياكى

توۋەن باسقۇچى دەپ ئاتايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى **ئومۇم** مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، «كوممۇنىزىم» دىگەن بۇ ئاتالغۇنى بۇ يەردىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ، پەقەت بۇنىڭ تېخى تولۇق كوممۇنىزىم **ئەمەسلىكى** ئەستىن چىقىرىلمىسىلا بولدى. ماركسنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئۇلۇق ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ بۇ يەر-دىمۇ باشتىن-ئاخىر ۋېيۇۋجۇيىلىق بېيەنجېڭفانى يەنى تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەلىماتنى تەتبىق قىلىپ، كوممۇنىزىمنى كاپىتا-لىزىم **ئىچىدىن** ئۆسۈپ چىققان دەپ قارىغان. ماركس ھەر خىل تەبىرلەرنى ئەقىدىپەرەسلىك بىلەن ئويدۇرۇپ ۋە «توقۇپ» چىقار-غان ئەمەس، قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان سۆز مەنىسى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشلار (سوتسىيالىزىم دىگەن نىمە، كوممۇنىزىم دىگەن نىمە) بىلەن بولۇپ كەتمىگەن، بەلكى كوممۇنىزىمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتىلىش دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىككى باسقۇچىنى تەھلىل قىلغان.

بىرىنچى باسقۇچتا، كوممۇنىزىمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تولۇق يېتىلىشى تېخى مۇمكىن **ئەمەس**، ئۇ تېخى كاپىتالىزىم ئەنئەنىسى ياكى داغلىرىدىن تولۇق قۇتۇلالمايدۇ. بۇنىڭدىن قىزىقارلىق بىر ھادىسە تۇغۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ كوممۇنىزىمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا «**بۇرژۇئا** ھوقۇقچىلىقىنىڭ تار نەزەر دائىرىسى»نىڭ يەنىلا ساقلىنىپ قېلىشى. **ئىستىمال** بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئەلۋەتتە **بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ** بولۇشى چوقۇم، چۈنكى كىشىلەرنى ھوقۇقچى-لىق-قائىدىگە بويسۇنۇشقا **مەجبۇر** قىلالايدىغان بىرەر ئورگان بولمىسا، ھوقۇقچىلىقمۇ نۆلگە باراۋەر بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كوممۇنىزىم شارائىتىدا، مەلۇم مەزگىلگىچە، بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى ساقلىنىپلا قالماي، ھەتتا بۇرژۇئازىيە بولمىغان بۇرژۇئا دۆلىتىمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ!

بۇ گويا غەلىتە سۆزدەك، ياكى چېچەنلىك قىلىپ بىيەنجىڭ ئويۇنى ئوينىغاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ماركسىزىمنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىشقا بىر ئازمۇ كۈچ سەرپ قىلمىغان كىشىلەر ماركسىزىمنى ھەمىشە شۇنداق ئەيىپلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مەيلى تەبىئەت دۇنياسىدا ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن، ئەمەلىي تۇرمۇش بىزگە يېڭى شەيئى ئىچىدە كونا قالدۇقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماركس «بۇرژۇئا» ھوقۇقچىلىقىنىڭ بىرەر كىچىك پارچىسىنى كوممۇنىزىمغا ئۆزىچىلا كىرگۈزۈپ قويغان ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزىم **ئىچىدىن تۆرەلگەن** جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان نەرسىنى تۇتۇۋالغان.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كاپىتالىستلارغا قارشى تۇرۇش، ئۆز ئازات-لىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى داۋامىدا، دېموكراتىيە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن دېموكراتىيە ھەرگىز ئۆتكىلى بولمايدىغان ئاخىرقى چەك ئەمەس، ئۇ — پەقەت فېئودالىزىمدىن كاپىتالىزىمغا ۋە كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش يولىدىكى بىر باسقۇچ.

دېموكراتىيە تەڭلىكنى بىلدۈرىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئەگەر تەڭلىك **سىنىپلارنى** يوقىتىش دەپ توغرا چۈشىنىلسە، ئۇ ھالدا، پۇرولېتارىياتنىڭ تەڭلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ۋە تەڭلىك شوئارى ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، دېموكراتىيە **شەكلى جەھەتتىكى** تەڭلىكنىلا بىلدۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى-

نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئورتاقلاشتۇرۇش **جەمئىيەتنىڭ** تەرەققىيات قانۇنى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، يەنى ئەمگەك تەقسىماتى ۋە ئىش ھەققى تەقسىماتى ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئالدىدا مۇقەررەر ھالدا بۇنداق بىر مەسىلە: يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەكىللىنىدىغان تەقسىماتتىن ئەمەلىيەتتىكى تەرەققىياتقا ئۆتۈش يەنى «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ ئەڭ يۇكسەك مەقسەتكە قانداق باسقۇچلار ۋە قانداق ئەمەلىي چارىلەر ئارقىلىق يېتىشكە كەلسەك، ئۇنى بىز بىلمەيمىز ۋە بىلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇرژۇئازىيە ھامان ئىنتايىن ساختىلىق بىلەن سوتسىيالىزمنى بىر خىل ئۆلۈك، قېتىپ قالغان، ئۆزگەرمەس نەرسە دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە، **پەقەت** سوتسىيالىزم ئەمەلگە ئاشقان ۋاقىتتىن باشلاپلا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە شەخس تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرى ھەقىقىي ھالدا تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە باشلايدۇ ۋە **زور كۆپچىلىك** ئاھالە، ئاندىن بارلىق ئاھالە قاتناشقان ھەقىقىي ئاممىۋى خاراكتېرلىق ھەرىكەت شەكىللىنىدۇ.

دېموكراتىيە بىر خىل دۆلەت شەكلى، بىر خىل دۆلەت شەكلىدۇر. شۇڭا ئۇ، دۆلەتكە ئوخشاشلا، كىشىلەرگە تەشكىللىك، سىستېمىلىق ھالدا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدۇ، بۇ — بىر تەرىپى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، دېموكراتىيە شەكىل جەھەتتە گراژدانلارنىڭ بىردەك تەڭلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن، كۆپچىلىكنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنى بەلگىلەيدىغان، دۆلەتنى باشقۇرىدىغان تەڭ ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نۇقتا تۈۋەندىكى

نۇقتا بىلەنمۇ باغلىنىشلىق: دېموكراتىيە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ئالدى بىلەن كاپىتالىزم ئۈستىدىن ئىنقىلاپ قىلىدىغان سىنىپنى — پرولېتارىياتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بۇرژۇئازىينىڭ (جۇمھۇرىيەتچى بۇرژۇئازىيىنىڭ بولسىمۇ) دولەت ماشىنىسىنى يەنى دائىمى ئارمىيە، ساقچى ۋە ئەمەلدارلارنى پاچاقلاپ تاشلاش، ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلىش، تۇپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش، ئۇنىڭ ئورنىغا **تېخىمۇ** دېموكراتىك بولغان لېكىن يەنىلا دولەت ماشىنىسىنى يەنى قوراللانغان ئىشچىلار ئاممىسى (كېيىن ئومۇمخەلق مىنىبىك بولۇش تۈزۈمىگە ئۆتىدۇ)دىن تەركىپ تاپقان دولەت ماشىنىسىنى قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۇ يەردە «سان سۈپەتكە ئايلىنىدۇ»، چۈنكى **بۇنداق** يۈكسەك دەرىجىدىكى دېموكراتىيە بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ۋە جەمىيەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە كىرىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر دولەتنى باشقۇرۇشقا ھەقىقەتەن **بارلىق كىشىلەر** قاتنىشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، كاپىتالىزم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن «بارلىق كىشىلەر»نىڭ دولەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش **مۇمكىنلىكىگە ئالدىنقى شەرت** يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئالدىنقى شەرت مۇنۇلار: كوپلىگەن ئەڭ ئىلغار كاپىتالىستىك دولەتلەردە ھەممە كىشى ساۋاتلىق بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، مىليونلىغان ئىشچىلار پوچتا، تومۇريول، چوڭ زاۋۇت، چوڭ سودا كارخانىلىرى، بانكا قاتارلىق ئىجتىمائىلاشقان غايەت زور، مۇرەككەپ ئورگانلاردا «تەربىيىلىنىپ، ئىنتىزامغا بويسۇنۇشقا ئادەتلەنگەن» بولىدۇ.

بۇنداق **ئىقتىسادىي** ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، كاپىتالىستلار ۋە ئەمەلدارلار ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، قورااللانغان ئىشچىلار، ئومۇمىيۈزلۈك قورااللانغان خەلق ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ چىقىرىش ۋە تەقسىماتقا **نازارەت قىلىشقا**، ئەمگەك ۋە مەھسۇلاتنى **تۈگچى قىلىشقا** بىر كۈن ئىچىدىلا دەرھال كىرىشىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە تولۇق ئىگە بولىدۇ. (نازارەت ۋە تۈگچى قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىنى پەننى بىلىمگە ئىگە گۈگچېكشى، نۈگىيشى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى مەسىلىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، بۇ ئەپەندىلەر بۈگۈن كاپىتالىستلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىشلىسە، ئەتە قورااللانغان ئىشچىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى مۇمكىن.)

تۈگچى بىلەن نازارەت كوممۇنىزم جەمىيىتىنىڭ **بىرىنچى باسقۇچىنى** «تەرتىپكە سېلىۋېلىش»، ئۇنى خىزمەتلەرنى توغرا ئېلىپ بارالايدىغان قىلىشتىكى زورۇر **ئاساسىي شەرت**. بۇ يەردە **بارلىق** گۈگمىنلار دۆلەتكە (قوراللىق ئىشچىلارغا) يالىنىپ ئىشلىگۈچىگە ئايلىنىدۇ. **بارلىق** گۈگمىنلار **بىر** ئومۇمخەلق، دۆلەت «سىندىكاتى»نىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە ئىشچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. پۈتۈن مەسىلە شۇنىڭدىكى، ئۇلار خىزمەت ئۆلچىمىگە توغرا رايە قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئوخشاش دەرىجىدە ئىشلىشى ھەمدە ئوخشاش دەرىجىدە ھەق ئېلىشى لازىم. كاپىتالىزم بۇ ئىشلارغا بولغان تۈگچى ۋە نازارەتنى شۇ قەدەر **ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى**، ئۇ بىر خىل ئىنتايىن ئاددى، ھەرقانداق بىر ساۋاتلىق كىشى ھوددىسىدىن چىقالايدىغان نازارەت ۋە تىزىملاش رەسمىيىتىگە، پەقەت تۆت ئەمەل بويىچە ھېساپلاش ۋە ئالاقىدار تىلخەتلەرنى

بىرىش رەسمىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان①.

**زور كوپچىلىك** خەلق ئۆزى ھەممىلا يەردە بۇنىداق تۆۋەنچى قىلىشنى باشلىغان، كاپىتالىستلار (بۇ چاغدا خىزمەتچىگە ئايلانغان) ئۈستىدە ۋە كاپىتالىستىك يامان ئادەتنى ساقلاپ قالغان زىيالى ئەپەندىلەر ئۈستىدە بۇنداق نازارەتنى يولغا قويغان چاغدا، بۇنداق نازارەت ھەققەتەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت ۋە ئومۇمخەلق نازارىتى بولىدۇ، ئۇ چاغدا، ئۇلار بۇنداق نازارەتتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، «يوشۇرۇنىدىغان ماكانىمۇ تاپالمايدۇ».

پۈتكۈل جەمىيەت بىر باشقۇرۇش ئورنىغا، تەڭ ئەمگەك قىلىنىدىغان، تەڭ ھەق ئېلىنىدىغان زاۋۇتقا ئايلىنىدۇ.

لېكىن، پرولېتارىيات كاپىتالىستلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن جەمىيەتتە يولغا قويۇلغان بۇنداق «زاۋۇت» ئىنتىزامى ھەرگىز بىزنىڭ غايىمىز ئەمەس، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىمىزمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت جەمىيەتتىكى كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىپلاس ھادىسىلەرنى تەلتوكۈس تازىلاش ئۈچۈن **ھەمدە داۋاملىق** ئالغا بېسىش **ئۈچۈن** زۆرۈر بولغان بىر **باسقۇچ**.

---

① دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي جىژنىگى ئاددىيلىشىپ، ئىشچىلار ئۆز زىممىسىگە ئالغان بۇنداق تۆۋەنچى ۋە نازارەت بولۇپ قالغان چاغدا، دۆلەت «سىياسىي دۆلەت» بولماي قالىدۇ، ئۇ چاغدا «ئىجتىمائىي جىژنىڭ سىياسىي جىژنىگىدىن ئاددىي باشقۇرۇش جىژنىگىغا ئايلىنىدۇ» (يۇقۇرىدىكى تۇتىنىچى باپ، 2-بۆلۈمىدىكى ئېنگېلسنىڭ ھوكۈمەتسىزلەر بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىسىگە قاراڭ).

جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ياكى ھېچ بولمىغاندا مۇتلەق كۆپچىلىك ئەزالىرى دۆلەتنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان، ئۇلىرى بۇ ئىشلارنى ئىگەللىگەن ھەمدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كاپىتالىستلارغا، كاپىتالىستىك يامان ئادەتنى ساقلاپ قالماقچى بولغان ئەپەندىلەرگە ۋە كاپىتالىزمنىڭ قاتتىق چىرىتىشىگە ئۇچرىغان ئىشچىلارغا بولغان نازارەتنى «تەرتىپكە سېلىۋالغان» ۋاقتىدا، ھەرقانداق باشقۇرۇشقا بولغان ئېھتىياج يوقىلىشقا باشلايدۇ. دېموكراتىيە قانچە تولۇق بولسا، ئۇنىڭ ئوشۇقچە نەرسە بولۇپ قېلىش ۋاقتىمۇ شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. قوراللىق ئىشچىلاردىن تەركىپ تاپقان، «ئەسلى مەنىدىكى دۆلەت بولماي قالغان» «دۆلەت» قانچە دېموكراتىيىلەشسە، **ھەرقانداق** دۆلەتنىڭ **ھالاك** بولۇپ بېرىشىمۇ شۇنچە تېزلىشىدۇ.

چۈنكى **ھەممە كىشى** باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرغان، ئۇلىرى تۆگۈچى قىلغان ھەمدە تەييارتاپلار، لويلار، ئالدامچىلارغا ئوخشاش «كاپىتالىستىك ئەنئەننى قوغدىغۇچىلار» ئۈستىدىن نازارەتنى يولغا قويغان ۋاقتىدا، بۇنداق ئومۇمخەلقنىڭ تۆگۈچىسى ۋە نازارىتىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆز مەقسىدىگە يېتىشى سۆزسىز ناھايىتى تەس بولىدۇ، سۆزسىز پەقەت ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان مۇستەسنا بولىدۇ ھەمدە ئىنتايىن تېز، ئىنتايىن قاتتىق جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن (چۈنكى قوراللىق ئىشچىلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدۇ، زىيالىلارغا ئوخشاش يۈز-خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايدۇ؛ ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۇلىرى بىلەن خالىغانچە ئويىنىشىغا يول قويۇشى ناتايىن)، شۇنىڭ بىلەن،

كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق جامائەت تۇرمۇشىنىڭ ئاددى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپىغا **شەرتسىز** رىئايە قىلىشى ناھايىتى تېزلا رىئايە قىلىش **ئادىتىگە** ئايلىنىدۇ.

ئۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىن ئۇنىڭ يۇقۇرى باسقۇچىغا ئۆتىدىغان ئىشىك ئۇلۇق ئېچىلىدۇ، دۆلەتمۇ تولۇق ھالاك بولىدۇ.

# ئالتىنچى باپ

## جىنخۇيجۇيىچىلارنىڭ ماركسىزمنى چاكىنىلاشتۇرۇشى

دۆلەتنىڭ ئىجتىمائى ئىنقىلاپقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ۋە ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ دۆلەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى، ئومۇمەن ئىنقىلاپ مەسىلىسىگە ئوخشاشلا، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىو-نالنىڭ (1889 — 1914 - يىللار) ئەڭ مەشھۇر نەزىرىيىچىلىرى ۋە جېڭلۇنجىيالىرى كەمدىن - كەم ئېتىۋار بەرگەن مەسىلە. لېكىن، جىنخۇيجۇيىنىڭ پەيدىن-پەي ئوسۇشى بىلەن 1914-يىلى ئىككىنچى ئىنتېرناتسونال بەربات بولۇۋاتقاندا ئەڭ گەۋدىلەنگەن بىر نۇقتا شۇ بولدىكى، ھەتتا ئۇلار بۇ مەسىلىگە دۇچكەلگەندىمۇ ئۇنىڭدىن يەنىلا **كۆچىنىڭ بىرىچە ئوزىنى قاچۇردى**، ياكى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

ئومۇمەن قارىغاندا، شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پۈرولېتارىيات

ئىنقىلاۋىنىڭ دولەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسىدە جىخۇيجۇيغا پايدىلىق بولۇش، جىخۇيجۇينى ئوستۇرۇپ قويۇشتەك **ئۆزىنى قاچۇرىدىغان پوزىتسىيە** قوللىنىلغانلىقى نەتىجىسىدە ماركسىزىمنى **بۇرمىلايدىغان**، ماركسىزىمنى پۈتۈنلەي چاكىنىلاشتۇرىدىغان ھادىسىلەر پەيدا بولدى.

بۇ ئېچىنىشلىق جەرياننى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن بىز ئەڭ مەشھۇر ماركسىزىم نەزىرىيىچىلىرى پلېخانوپ بىلەن كائۇتسكىنى مىسالغا ئالىمىز.

## 1. پلېخانوپنىڭ ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىسى

پلېخانوپ ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ سوتسىيالىزىمغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى مەخسۇس بايان قىلىنغان بىر كىتاپچە يازدى، بۇ كىتاپچىنىڭ نامى «ھوكۇمەتسىزلىك ۋە سوتسىيالىزىم» بولۇپ، 1894 ـ يىلى نېمىس تىلىدا نەشر قىلىندى.

پلېخانوپ بۇ تېمىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلغانكى، ھوكۇمەتسىزلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئەڭ رىيال، ئەڭ جىددى، سىياسى جەھەتتە ئەڭ موھىم مەسىلە يەنى ئىنقىلاپنىڭ دولەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ۋە ئومۇمەن دولەت توغرىسىدىكى مەسىلە ئۈستىدە زادى سوز ئاچمىغان! ئۇنىڭ بۇ كىتاپچىسىنى ئىككى قىسمىغا بولۇشكە بولىدۇ: بىر قىسمى تارىخىي ھوججەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شتىرنېر ۋە پرۇدون قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئوزگىرىپ بارغانلىقىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار بار؛ يەنە بىر قىسمى چاكىنىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا، ھوكۇمەتسىزلەر قاراقچىلاردىن

پەرقلەنمەيدۇ، دەيدىغان لاۋزا گەپ-سوزلەر بار.

بۇ ئىككى قىسىمنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىنتايىن كۆلكىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پلېخانوپنىڭ روسىيە ئىنقىلاۋى ھارپىسىدىكى ۋە ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى پۈتۈن ھەركىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، چۈنكى 1905 — 1917 - يىللاردا پىلىخانوپ ئۆزىنىڭ دەل ئەنە شۇنداق سىياسى جەھەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇغى بولۇپ كەتكەن يېرىم قىرائەتخان، يېرىم چاكىنا ئادەم ئىكەنلىكىنى كورسەتكەن ئىدى.

بىز ماركس بىلەن ئېنگېلس ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاپنىڭ دولەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسىگە قانداق قارىغانلىغىنى ئىنتايىن تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى كوردۇق. ئېنگېلس 1891 - يىلى ماركسنىڭ «گوتا گائىلىگىغا پىپەن» دىگەن ئەسىرىنى نەشر قىلغاندا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «بىز (يەنى ئېنگېلس بىلەن ماركس) ئۇ چاغدا باكۇنىن باشچىلىغىدىكى ھوكۇمەتسىزلەر بىلەن ئەڭ كەسكىن كۆرەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق، — بۇ چاغدا (بىرىنچى) ئىنتېرناتسىونالنىڭ گائاگا قۇرۇلتىيى[23] يېپىلغىنىغا ئىككى يىللا بولغان ئىدى.»

ھوكۇمەتسىزلەر پارىژ كوممۇنىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىنى ئىسپاتلىيالايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى «ئۆزىمىزنىڭ» دەپ جاكالاشقا ئۇرۇنغان ئىدى، ئەمما ئۇلار كوممۇنىنىڭ ساۋاقلىرى ۋە ماركسنىڭ بۇ ساۋاقلار ھەققىدىكى تەھلىلىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ھوكۇمەتسىزلەر، كونا دولەت ماشىنىسىنى **پاچاقلاپ تاشلاش** كېرەكمۇ، يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا **نىمىنى قويۇش** كېرەك، دىگەن بۇ ئىككى

كونكرېت سىياسى مەسىلە توغرىسىدا ئەقەللىسى ھەقىقەتكە يېقىنراق بىرەر جاۋاپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى.

لېكىن «ھوكۇمەتسىزلىك ۋە سوتسىيالىزىم» توغرىسىدا توختال-غاندا، پۈتكۈل دولەت مەسىلىسىدىن چەتلەنسە ۋە ماركسىزىمنىڭ گۈگشېدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشى نەزەرگە ئېلىنمىسا، مۇقەررەر جىخۇيجۇيى تەرەپكە دوملاپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ، چۈنكى جىخۇيجۇيى تەلەپ قىلىپمۇ ئېرىشەلمىگەن نەرسە دەل بىز بايا كورسىتىپ ئوتكەن ئىككى مەسىلىنى پۈتۈنلەي تىلغا **ئالماسلىق**. مۇشۇنىڭ ئۈزىلا جىخۇيجۇيىنىڭ غەلىبىسى **بولۇپ قالدى.**

## 2. كائۇتسكىنىڭ جىخۇيجۇيىچىلار بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىسى

كائۇتسكى ئەسەرلىرىنىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى، شۈبھىسىزكى، باشقا مەملىكەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلى-رىدىن ھەددى-ھېساپسىز كوپ. بەزى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ، روسىيىدە كائۇتسكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغانلار گېرمانىيىدىكىدىنمۇ كوپ، دەپ چاخچاق قىلىشلىرى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس (شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەيكى، بۇ چاخچاق چاخچاقچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇننى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ: روسىيە ئىشچىلىرى 1905 - يىلى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل سوتسىيال-دېموكراتىزىملىق ھوججەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچلۈك تەلەپ قىلغان ئىدى، ئۇلار ئىگە بولغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنىمۇ

باشقا مەملىكەتلەرنىڭكىدىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كوپ بولغان ئىدى، شۇنداق قىلىپ، بىر قەدەر ئىلغار خوشنا مەملىكەتلەرنىڭ مول تەجرىبىسى مەملىكىتىمىز پۇرولېتارىيات ھەركىتىنىڭ ئاتالمىش ياش جىددىسىگە تېز كوچۇرۇپ كېلىندى).

كائۇتسكى شۇنىڭ ئۇچۇن روسىيىدە ئالاھىدە نام چىقارغانكى، ئۇ ماركسىزمنى ئاممىباپ قىلىپ چۇشەندۇرگەندىن تاشقىرى، يەنە جىخۇيىجۇيىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى بېرنشتېين بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلدى. لېكىن ھېچكىم بىلمەيدۇ دىگۇدەك بىر پاكىت بار. ئەگەر بىرەر كىشى كائۇتسكىنىڭ 1914—1915-يىللىرى ۋېيجى ئەڭ كەسكىنلەشكەن مەزگىلدە، ئۇزىنىڭ ئالاقزادە بولغانلىقىنى قانداقسىگە ئەڭ شەرمەندىلىك بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى، چۇشكۇنلىشىپ سوتسىيال شوۋىنىزمنى ئاقلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى تەكشۇرمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ بۇ پاكىتنى قويۇۋەتسە بولمايدۇ. بۇ پاكىت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كائۇتسكى فرانسىيىدىكى جىخۇيىجۇيىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىگە (مىللېران ۋە جائۇرېسقا) ۋە گېرمانىيىدىكى جىخۇيىجۇيىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلىگە (بېرنشتېينغا) قارشى تۇرۇشتىن بۇرۇن ناھايىتى قاتتىق تەۋرەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. 1901—1902-يىللىرى شتۇتگارتتا نەشر قىلىنغان، ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىيات نۇقتىنەزىرىنى قوغدىغان، ماركسىزملىق «تاڭ نۇرى» ژورنىلى[24] كائۇتسكى بىلەن **بەس-مۇنازىرە** قىلىشقا ھەمدە ئۇنىڭ 1900-يىلدىكى پارىژ خەلقارا سوتسىيالىستلار قۇرۇلتىيىدا[25] ئوتتۇرىغا قويغان قارارىنى «رېزىنكە» قارار دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، چۇنكى بۇ قارار جىخۇيىجۇيىچىلارغا نىسبەتەن مۇجمەل، ئۇزىنى قاچۇرىدىغان،

مۇرەسسەچىلىك پوزىتسىيە تۇتقان ئىدى. گېرمانىيىنىڭ كىتاپ -
ژورناللىرىدا كائۇتسكىنىڭ خەت-چەكلىرىمۇ بېسىلغان، بۇ خەت-
چەكلەرمۇ ئۇنىڭ بېرنشتېينغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ناھايىتى
قاتتىق تەۋرەنگەنلىكىنى كورسەتكەن ئىدى.

لېكىن يەنە مۇنداق بىر ئىشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭكى،
بىز كائۇتسكىنىڭ يېقىندا ماركسىزمغا ئاسىلىق قىلىش **جەريانىنى**
تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ جىخۇيجۇيىچىلار بىلەن قىلغان
بەس-مۇنازىرىسىدىن، ئۇنىڭ مەسىلە قويۇش ۋە مەسىلىنى چۈشەنـ
دۈرۈش ئۇسۇلىدىن ئۇنىڭ دولەت مەسىلىسىدە دەل جىخۇيجۇيىغا
ئىزچىل مايىل بولۇپ كەلگەنلىكىنى كورىمىز.

بىز كائۇتسكىنىڭ جىخۇيجۇيىغا قارشى بىرىنچى چوڭ ئەسىرى
«بېرنشتېين ۋە سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى»نى
ئالساق، ئۇنىڭدا كائۇتسكى بېرنشتېينغا تەپسىلى رەددىيە بەرگەن.
لېكىن توۋەندىكى ئەھۋال دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بېرنشتېين ئوزىنىڭ مەڭگۇ سېسىپ تۇرىدىغان «سوتسىيالىزمـ
نىڭ ئالدىنقى شەرتى» دېگەن كىتاۋىدا، ماركسىزمنى «**بلانكىزم**»
دەپ ئەيىپلىگەن (شۇنىڭدىن كېيىن، روسىيە جىخۇيجۇيىچىلىرى
بىلەن ئەركىن بۇرژۇئازلىرى ئىنقىلاۋىي ماركسىزمنىڭ ۋەكىلى
بولشېۋىكلارغا ئەنە شۇ ئەيىپلەشنى مىڭ مەرتىۋە تەكرارلاش يولى
بىلەن ھۇجۇم قىلغان ئىدى). ئۇنىڭ ئۇستىگە، بېرنشتېين ماركسنىڭ
«فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دېگەن ئەسىرى ئۇستىدىمۇ ئالاھىدە
توختىلىپ، ماركسنىڭ كوممۇنىنىڭ ساۋاقلىرى توغرىسىدىكى
نۇقتىنەزىرىنى پرۇدوننىڭ نۇقتىنەزىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە
ئۇرۇنغان (بىز بۇنداق ئۇرۇنۇشنىڭ قىلچىمۇ ئۇنۇم بەرمىگەنلىكىنى

كورمەكتىمىز). بېرنشتېين ماركس 1872 ـ يىلى «گوتچەندىكى خىتاپنامىسى»گە يازغان سوز بېشىدا نۇقتىلىق كورستىپ ئوتكەن خۇلاسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان، بۇ خۇلاسىدە: «ئىشچىلار سىنىپى تەييار دولەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئوز مەقسىتىگە يېتىش ئۇچۇن ئىشلىتەلمەيدۇ» دېيىلگەن.

بېرنشتېين بۇ ھېكمەتلىك سوزنى ئىنتايىن «ياقتۇرۇپ» قالغان، شۇڭا، ئۇ بۇ سوزنى ئوزىنىڭ ھېلىقى كىتاۋىدا ئاز دېگەندە ئۇچ قېتىم تەكرارلىغان ھەمدە ئۇنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ جېخۇيجۇيىلىق چۈشەنچىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

بىز ماركس ئىشچىلار سىنىپى پۈتۈن دولەت ماشىنىسىنى **پاچاقلاپ تاشلىشى، ۋەيران قىلىشى، پارتىلىتىۋېتىشى** (Sprengung — پارتىلىتىۋېتىش ئېنگېلس ئىشلەتكەن سوز) لازىم دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاللىقاچان ئېيتىپ ئوتكەن ئىدۇق. لېكىن بېرنشتېيننىڭ قارىشىچە، گويا ماركس بۇ سوزلىرى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا ھەددىدىن تاشقىرى كەسكىن ئىنقىلاۋىي ۋاستىلەرنى **قوللانماسلىق** توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنمىش.

ماركسنىڭ ئىدىيىسىنى بۇنىڭدىنمۇ قوپال ۋە تېخىمۇ قاملاشمىغان دەرىجىدە بۇرمىلاشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداق بولسا، كائۇتسكى بېرنشتېينىزمغا قانداق قىلىپ ئەڭ تەپسىلى رەددىيە بەردى؟

ئۇ جېخۇيجۇيىنىڭ بۇ نۇقتىدا ماركسىزمنى پۈتۈنلەي بۇرمىلىغانلىقىنى تەھلىل قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇ بىز يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دېگەن ئەسىرىگە ئېنگېلس يازغان سوز بېشىدىكى بىر ئابزاس سوزنى

نەقىل كەلتۈرۈپ، قانداقتۇ ماركسنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئىشچىلار سىنىپى **تەييار** دولەت ماشىنىسىنى **ئاددىي هالدا** ئىگەللىيەلمەيدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ماشىنىنى **ئىگەللىيەلەيدۇ** دەيدۇ ۋاھاكازا. بېرنشتېيننىڭ ماركسنىڭ ھەقىقى ئىدىيىسىنىڭ **تامامەن ئەكسىچە** بولغان گەپنى ماركسقا دوڭگەپ قويغانلىقىغا ھەمدە ماركسنىڭ پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ دولەت ماشىنىسىنى «پاچاقلاپ تاشلاش» ۋەزىپىسى بارلىقىنى 1852 ـ يىلدىن تارتىپ كورسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىغا كەلسەك، بۇنى كائۇتسكى زادىلا ئېغىزغا ئالمايدۇ.

نەتىجە شۇكى، ماركسىزمنىڭ جىمخۇيجۇيىدىن پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى مەسىلىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى كائۇتسكى يوققا چىقارغان!

كائۇتسكى بېرنشتېينغا «رەددىيە» بەرگەندە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئىنتايىن خاتىرجەم هالدا كەلگۈسىدە ھەل قىلىشقا قالدۇرۇپ قويساق بولىدۇ.» (نېمىسچە نەشرى، 172 ـ بەت).

بۇ بېرنشتېينغا **رەددىيە** بەرگەنلىك، ئۇنىڭ بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلغانلىق ئەمەس، ئەمىلىيەتتە، ئۇنىڭغا **يول قويغانلىق**، جىمخۇيجۇيىغا ئوتتۇنۇپ بەرگەنلىك، چۈنكى ھازىر جىمخۇيجۇيىچىلارغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى دەل پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى بارلىق تۈپ مەسىلىنى «ئىنتايىن خاتىرجەم هالدا كەلگۈسىدە ھەل قىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇش».

ماركس بىلەن ئېنگېلس 1852 ـ يىلدىن 1891 ـ يىلغىچە بولغان

40 يىل ئىچىدە **پرولېتارىياتقا**، دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك، دەپ تەلىم بېرىپ كەلدى. كائۇتسكى بولسا 1899-يىلى يەنى جىنخۇيجۇيىچىلار بۇ نۇقتىدا ماركسىزىمغا پۈتۈنلەي ئاسىيلىق قىلغان ۋاقىتتا، دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ كونكرېت شەكلى مەسىلىسىنى بۇ ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىنىڭ **ئورنىغا قويۇپ**، بىزنىڭ كونكرېت شەكلىنى ئالدىن بىلەلمەسلىكىمىزدىن ئىبارەت بولىداق «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان» (تالاشقان بىلەنمۇ نەتىجە چىقمايدىغان) چاكىنا داۋلىنى تىلتۇمار قىلىۋالدى!!

ماركس بىلەن كائۇتسكى ئوتتۇرىسىدا، ئۇلارنىڭ پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى ئىنقىلاپنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەشكە ئۈيۈشتۈرۈش ۋەزىپىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان خەندەك بار.

ئەمدى بىز يەنە كائۇتسكىنىڭ تېخىمۇ يېتىلگەن، يەنە كېلىپ جىنخۇيجۇيىلىق خاتالىقىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان كېيىنكى ئەسىرىنى ئالايلى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ «ئىجتىمائى ئىنقىلاپ» دېگەن كىتابچىسى. ئاپتور بۇ يەردە «پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى» مەسىلىسى بىلەن «پرولېتارىيات تۈزۈمى» مەسىلىسىنى مەخسۇس تىما قىلىپ تەتقىق قىلغان. ئاپتور بىرمۇنچە ئىنتايىن قىممەتلىك قاراشلىرىنى بايان قىلغان، لېكىن دۆلەت مەسىلىسىدىن **ئۆزىنى قاچۇرغان**. بۇ كىتابچىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشلا سۆزلەنگەن، يەنى كائۇتسكى تاللىۋالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە جىنخۇيجۇيىچىلارغا يول قويۇلغان، چۈنكى ئۇ، دۆلەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ **تاشلىماي**

تۇرۇپمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش **مۇمكىن**، دەپ قارىغان. ماركس 1872 ـ يىلى «گۇگچەنداڭ خىتاپنامىسى»دىن ئىبارەت بۇ گاگلىڭدا «كونىرىغان» دەپ قارىغان نەرسىلەرنى كائۇتسكى 1902 ـ يىلى **ئەسلىگە كەلتۈرگەن**.

بۇ كىتاپچىدا «ئىجتىمائىي ئىنقىلاپنىڭ شەكلى ۋە قورالى» مەسلىسى مەخسۇس سۆزلەنگەن بىر بۆلۈم بار. ئۇنىڭدا ئاممۇۋى خاراكتېرلىق سىياسى ئىش تاشلاش، ئىچكى ئۇرۇش، «ھازىرقى زامان چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ زورلۇق قورالى يەنى گوەنلىياۋ ۋە ئارمىيە» سۆزلەنگەن، لېكىن گۇگشېنىڭ ئىشچىلارغا قانداق ساۋاقلارنى بەرگەنلىكى زادىلا ئېغىزغا ئېلىنمىغان. كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېنگېلسنىڭ، دۆلەتكە «چوقۇنماسلىق» كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇشى بولۇپمۇ گېرمانىيە سوتسىيالىزىمچىلىرىنى، دۆلەتكە «چوقۇنماسلىق» كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇشى سەۋەپسىز ئەمەس.

كائۇتسكى مەسلىنى مۇنداق قىلىپ قويىدۇ: غەلىبە قىلغان پۈرولېتارىيات «دېموكراتىزىملىق گاگلىڭنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ»، ئۇ ئارقىدىنلا بۇ گاگلىڭنىڭ ماددىلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئورنىغا پۈرولېتارىيات دېموكراتىيىسىنى قويۇش مەسىلىسىدە 1871 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى يېڭى نەرسىلەر توغرىسىدا بولسا ئۇ لام ـ جىم دېمەيدۇ. كائۇتسكى يەنىلا تۈۋەندىكىدەك ئاگلىماققا «چىرايلىق» كونا سۆزلەر بىلەن مادارا قىلىدۇ:

«ئۆز ئۆزىدىن ئېنىقكى، ھازىرقى تۈزۈم شارائىتىدا بىز ھوكۇمرانلىق ئورۇنغا ئىگە بولالمايمىز. ئىنقىلاپنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك، چوڭقۇر كورەشنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ كورەش بىزنىڭ ھازىرقى سىياسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشىمىزنى جەزمەن ئۆزگەرتىدۇ.»

شۇبھىسىزكى، بۇ خۇددى، ئاتلار سۇلۇ يەيدۇ، ۋولگا دەرياسى كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ، دىگەن ھەقىقەتكە ئوخشاش «ئوز ئوزىدىن ئېنىق». ئەپسۇسكى، ئۇ «چوڭقۇر» كۇرەش دىگەنگە ئوخشاش قۇرۇق ۋە كوپتۇرۇلگەن سوزلەرنى كوتىرىپ چىقىپ، ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىيات ئۇچۇن جىددى بولغان مەسىلىدىن: **پۇرولېتارىيات** ئىنقىلاۋىنىڭ دولەتكە، دېموكراتىيىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى غەيرى پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى بىلەن ئوخشىمايدىغان «چوڭقۇر يېرى» **زادى قەيەردە** ئىكەنلىگى مەسىلىسىدىن **ئوزىنى قاچۇرىدۇ.**

كائۇتسكىنىڭ بۇ مەسىلىدىن ئوزىنى قاچۇرۇشى **ـــ ئەمەلىيەتتە** بۇ ئەڭ موھىم مەسىلىدە جىخۇيجۇيىغا يول قويغانلىغى، لېكىن ئۇ **ئاغزىدا** جىخۇيجۇيىغا قاتتىق غەزەپ بىلەن ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، «ئىنقىلاپ دەيدىغان بۇ ئىدىيە»نىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ (ئەگەر ئىشچىلارغا ئىنقىلاپنىڭ كونكرىت ساۋاقلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن قورقسا، ئۇ ھالدا، بۇ «ئىدىيە»نىڭ يەنە قانچىلىك قىممىتى بولسۇن؟)، ياكى «ئىنقىلاۋىي غايىۋىلىك ھەممىدىن يۇقۇرى تۇرىدۇ» دەيدۇ ۋە ياكى، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ھازىر «ئۇششاق بۇرژۇئازلاردىن قېلىشمايدۇ»، دەپ جاكالايدۇ.

كائۇتسكى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سوتسىيالىزم جەمىيىتىدە......شەكلى ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل كارخانىلار: گۇەنلياۋلارنىڭ(؟؟)، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ، كوپېراتىپنىڭ، شەخسنىڭ كارخانىلىرى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»......«مەسىلەن، بەزى كارخانىلاردا گۇەنلياۋلىق(؟؟) تەشكىلاتلار بولمىسا بولمايدۇ، تومۇريول ئەنە شۇنداق. بۇ يەردە، دېموكراتىك تەشكىلات مۇنداق شەكىلنى قوللانسا بولىدۇ: ئىشچىلار

ۋەكىل سايلاپ يىغىنغا ئوخشاش مەلۇم نەرسىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ يىغىن خىزمەت تىياۋىللىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە گۇەنلىياۋلىق ئورگانىنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. بەزى كارخانىلارنى ئىشچىلار ئۇيۇش-مىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ، يەنە بەزى كارخانىلارنى بولسا ھەمكارلىق پىرىنسىپى بويىچە تەشكىللىسە بولىدۇ.» (1903-يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى، 148- ۋە 115-بەتلەر).

بۇنداق مۇقام خاتا، ئۇ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 70 - يىللاردا كۆڭشىپىنىڭ ساۋاقلىرىنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرگەنلىرىگە قارىغاندا! بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنگەنلىك.

«گۇەنلىياۋلىق» تەشكىلات بولۇش كېرەك، دېيىلگەن نۇقتىدىن قارىغاندا، تومۇريول يىرىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ بارلىق كارخانىلىرىدىن، ھەرقانداق زاۋۇت، چوڭ شاگدىيەن ۋە چوڭ كاپىتالىستىك نۇڭچاڭدىن زادىلا پەرقلەنمەيدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە تېخنىكا شەرتلىرى ھەر بىر كىشىدىن ئىنتىزامغا مۇتلەق قاتتىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەر بىر كىشىدىن ئۆزى ئۈستىگە ئالغان بىر قىسىم خىزمەتنى ناھايىتى توغرا بېجىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، پۈتكۈل كارخانا توختاپ قېلىش ياكى ماشىنا ۋە مەھسۇلاتلار بۇزۇلۇش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشچىلار، ئەلۋەتتە، «ۋەكىل سايلاپ **يىغىنغا ئوخشاش مەلۇم نەرسىنى** تەشكىل قىلىدۇ».

لېكىن، پۈتۈن تۈگۈن شۇ يەردىكى، بۇ «يىغىنغا ئوخشاش مەلۇم نەرسە» بۇرژۇئا يىغىن ئورگىنى شەكلىدىكى يىغىن **بولمايدۇ**. پۈتۈن تۈگۈن شۇ يەردىكى، بۇ «يىغىنغا ئوخشاش مەلۇم نەرسە»، خۇددى ئىدىيىسى بۇرژۇئا يىغىن تۈزۈمى

دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن كائۇتسكى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، پەقەت «تىياۋلىلارنى تۇزۇپ چىقىش ۋە گۇەنلىياۋلىق ئورگاننىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش» بىلەنلا **قالمايدۇ**. سوتسىيالىزم جەمىيىتىدە ئىشچىلار ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان «يىخۇيغا ئوخشاشراق مەلۇم نەرسە»، ئەلۋەتتە، «تىياۋلىلارنى تۇزۇپ چىقىدۇ ۋە» «ئورگاننىڭ» «مەمۇرى ئىشلىرى»نى «نازارەت قىلىدۇ»، **لېكىن** بۇ ئورگان «گۇەنلىياۋلىق» ئورگان **ئەمەس**. ئىشچىلار هاكىمىيەتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، كونا گۇەنلىياۋلىق ئورگاننى پاچاقلاپ تاشلايدۇ، ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلىدۇ، پۈتۈنلەي تارمار قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىغا يەنىلا ئىشچىلار ۋە خىزمەتچى-لەردىن تەركىپ تاپقان يېڭى ئورگاننى قويىدۇ؛ بۇ كىشىلەرنىڭ گۇەنلىياۋلارغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ **ئالدىنى ئېلىش** ئۈچۈن، دەرھال ماركس بىلەن ئېنگېلس تەپسىلى تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن چارىلەر قوللىنىلىدۇ: (1) سايلام تۇزۇمى يولغا قويۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ (2) مۇئاش ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىدىن يۇقۇرى بولمايدۇ؛ (3) **ھەممە كىشى** نازارەت قىلىش ۋە تەكشۇرۇش جىزنېڭنى ئورۇنلايدىغان، **ھەممە كىشى** ۋاقىتنچە «گۇەنلىياۋ»لارغا ئايلىنىدىغان، شۇنىڭ بىلەن **ھېچكىم** «گۇەنلىياۋ» بولالمايدىغان ھالغا دەرھال كەلتۇرۇلىدۇ.

كائۇتسكى ماركسنىڭ مۇنۇ سوزىنى پۈتۈنلەي ئۇيلاپ كورمىگەن: «گۇڭشې يىخۇي شەكىلدىكى ئورگان ئەمەس، بەلكى قانۇن چىقىرىشنىمۇ ۋە مەمۇرى ئىشنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى.»

كائۇتسكى بۇرژۇئا يىخۇي تۇزۇمى بىلەن پۇرولېتارىيات

دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ پەرقىنى، بۇرژۇئا يىخۇي تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىيىنى (**خەلقنى بەھرىمەن قىلمايدىغان**) گۆەنلياۋلىق تۈزۈمگە (**خەلققە قارشى**) چېتىپ قويىدىغانلىغىنى، پۈرولېتارىيات دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ بولسا دەرھال چارە قوللىنىپ گۆەنلياۋلىق تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدىغان بەلكى بۇ چارىلەرنى ئاخىرغىچە تاكى گۆەنلياۋلىق تۈزۈم پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، خەلقنى بەھرىمەن قىلىدىغان دېموكراتىيە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانغا قەدەر يولغا قويىدىغانلىغىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمىگەن.

كائۇتسكى بۇ يەردە يەنە ئۆزىنىڭ دولەتكە «چوقۇنىدىغان»لىغىنى ۋە گۆەنلياۋلىق تۈزۈمگە «خۇراپىلارچە ئىشىنىدىغان»لىغىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

بىز ئەمدى كائۇتسكىنىڭ جىخۇيجۇيىچىلارغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى شۇنداقلا ئەڭ ياخشى ئەسىرىنى يەنى «ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشنىڭ يولى» دىگەن كىتاپچىسىنى تەتقىق قىلىمىز (بۇ كىتاپنىڭ رۇسچە نۇسخىسى يوقتەك تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ 1909 ـ يىلى روسىيە ئەكسيەتچى كۆچلىرى غالجىرلاشقان چاغدا نەشر قىلىنغان ئىدى). بۇ كىتاپچىنىڭ يېزىلىشى ناھايىتى چوڭ ئالغا بېسىش، چۈنكى ئۇنىڭدا 1899 ـ يىلى بېرنشتېينغا قارشى يېزىلغان كىتاپچىسىدىكىدەك ئومۇمەن ئىنقىلاپ گائىلىگى ئۈستىدىلا توختالمىغان، شۇنداقلا 1902 ـ يىلى يېزىلغان «ئىجتىمائى ئىنقىلاپ» دىگەن كىتاپچىسىدىكىدەك ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتى بىلەن ھېساپلاشماي، ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىيىسى ئۈستىدە گەپ سېتىلغان ئەمەس، ئۇنىڭدا بىز ئېتىراپ قىلماي بولمايدىغان «ئىنقىلاپ دەۋرى»نىڭ **يېتىپ كەلگەنلىگىنىڭ** كونكرىت

شارائىتلىرى ئۇستىدە توختالغان.

ئاپتور ئومۇمەن سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان ئالاھىدە زور رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كورسىتىدۇ. غەربىي ياۋروپادا «1789 — 1871 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپ دەۋرى»دىن كېيىن شەرقىتىمۇ 1905 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن شۇنىڭغا ئوخشاشلا دەۋر باشلاندى. دۇنيا ئۇرۇشى كىشىنى چوچۇتىدىغان سۇرئەت بىلەن كۇندىن ـ كۇنگە قىستاپ كېلىۋاتماقتا ئىدى. «پرولېتارىيات ئەمدى ئىنقىلاپنىڭ ۋاقتى كەلمىدى دىيەلمەيدۇ.» «بىز ئىنقىلاپ دەۋرىگە كىردۇق.» «ئىنقىلاپ دەۋرى باشلاندى.»

بۇ سوزلەر ئىنتايىن ئېنىق ئېيتىلغان. كائۇتسكىنىڭ بۇ كىتابچىسى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى (كائۇتسكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)نىڭ سوز ـ ھەركىتىنى ئولچەيدىغان يەنى ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى نىمىلەرنى **قىلىشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى**، ئۇرۇش پارتلىغاندا بولسا چۇشكۇنلىشىپ قانچىلىك پەسكەش دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئولچەيدىغان ئولچەم بولۇپ قېلىشى لازىم. كائۇتسكى بۇ كىتابچىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھازىرقى ۋەزىيەت شۇنداق بىر خەۋپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇكى، كىشىلەر ناھايىتى ئوڭايلا بىزنى (يەنى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنى) ئەمەلىيەتتىكىدىنمۇ موتىدىلرەك دەپ قارايدۇ.» ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ كوپ موتىدىل بولۇپ كەلگەن ئىدى، كوپ دەرىجىدە جىخۇيجۇيىلىشىپ كەتكەن ئىدى!

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كائۇتسكى گەرچە،

ئىنقىلاپ دەۋرى باشلانـدى، دەپ شۇنـچە مۇئەييەنـلەشـتۈرۈپ ئېيتسمۇ، لېكىن ئۇزىنىڭ «**سىياسى** ئىنقىلاپ» مەسىلىسى مەخسۇس تەھلىل قىلىنـغان دەپ ئاتـىۋالغان ھېـلىقى كىتاپـچىسىدا يەنـىلا دولەت مەسىلىسىدىن پۈتۈنلەي ئۇزىنى قاچۇرغان.

بۇنداق مەسىلىدىن ئۇزىنى قاچۇرۇش، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش، يېقىن يولىماسلىق قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇلسا، ئۇنى مۇقەررەر ھالـدا پۈتۈنـلەي جىخۇيجۇيى تەرەپكە دومىلىتىۋېتىدۇ، بىز ئەمدى مۇشۇ نۇقتىدا توختىلىمىز.

گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى كائۇتسكى ئارقىلىق مۇنداق دىگەندەك تۇرىدۇ: مەن يەنىلا ئىنقىلاپ نۇقتىنەزىرىدە چىڭ تۇرىمەن (1899 ـ يىلى)؛ مەن پۈرولېتارىياتـنىڭ ئىجتىمائى ئىنقىلاۋىـنىڭ مۇقەررەرلـىكىنى ئالاھـىدە ئېـتىـراپ قىلىـمەن (1902 ـ يىـلى)؛ مەن ئىنقىـلاپـنىڭ يېـڭى دەۋرىـنىڭ يېـتىپ كەلگەنلىكىنى ئېـتىراپ قىلىمەن (1909 ـ يىـلى)؛ لېكىن، مەسىلە پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ دولەتكە نىسبەتەن ۋەزىپىسى مەسىلىسى ئىكەن، ئۇ ھالدا، مەن يەنىلا ماركسىنىڭ 1852ـيىلى ئېيتقانلىرىغا قارشى ئارقىغا چېكىنىمەن (1912 ـ يىلى).

كائۇتسكىـنىڭ پانېـكوك بىلەن قىلـغان بەس ـ مۇنازىـرىسىدە مەسىلە دەل مۇشۇنداق توغرىدىن ـ توغرا قويۇلغان ئىدى.

## 3. كائۇتسكىنىڭ پانېكوك بىلەن قىلغان بەس ـ مۇنازىرىسى

پانېكوك «سول قانات رادىـكال»لارنىڭ ۋەكـىلى سالاھـىيتى بىلەن كائۇتسكىغا قارشى چىققان، بۇ گۇرۇھتا روسا ليۇكسېمبۇرگ،

كارل رادېك قاتارلىقلار بار ئىدى، بۇ گۇرۇھ ئىنقىلاۋىي سىېلۇېدە چىڭ تۇرۇپ، كائۇتسكىنىڭ «ئوتتۇرا گۇرۇھ» مەيدانىغا ئوتتۇپ كېتىپ ماركسىزىم بىلەن جىخۇيجۇيى ئوتتۇرىسىدا پىرىنسىپسىز تەۋرىنىپ يۇرگەنلىگىگە بىردەك ھەقىقى ئىشەنگەن ئىدى. ئۇرۇش بۇ قاراشىنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى تولۇق ئىسپاتلىدى، ئۇرۇش ۋاقتىدا «ئوتتۇرا گۇرۇھ» (بەزىلەرنىڭ ئۇنى ماركسىزىملىق گۇرۇھ دەپ ئاتىشى خاتا) ياكى «كائۇتسكىچىلار» ئۇزلىرىنىڭ پۇتۇنلەي يىرگىنىشلىك غېرىپلىغىنى تولۇق ئاشكارىلاپ قويىدى.

پاننېكوك دولەت مەسىلىسى ئۇستىدە توختالغان «ئاممىۋى ھەركەت ۋە ئىنقىلاپ» (1912 ـ يىل «يېڭى دەۋر»نىڭ 30 ـ يىل تويلىمى، 2 ـ توم) دېگەن ماقالىسىدا، كائۇتسكىنىڭ مەيدانى «پاسسىپ رادىكاللىق» مەيدان، «ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدىغان كۇتۇپ تۇرۇش نەزىرىيىسى»؛ «كائۇتسكى ئىنقىلاپ جەريانىنى كورۇشنى خالىمايدۇ» (616 ـ بەت) دەيدۇ. پاننېكوك مەسىلىنى مۇشۇنداق قويغاندىن كېيىن، بىز كوڭۇل بولگەن پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ دولەتكە نىسبەتەن ۋەزىپىسى مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پۇرولېتارىياتىنىڭ كۇرىشى نوقۇل ھالدا دولەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش يولىدىكى بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۇرەش ئەمەس، بەلكى دولەت ھاكىمىيىتىگە قارشى كۇرەش...... پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ مەزمۇنى دولەتتىن ئىبارەت بۇ زورلۇق قورالىنى پۇرولېتارىياتىنىڭ زورلۇق قورالى بىلەن يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش (Auflösung — سوزمۇ ـ سوز تەرجىمىسى پارچىلىۋېتىش)...... كۇرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى دولەت تەشكىلىنىڭ پۇتۇنلەي بۇزۇپ تاشلىنىشىدىن

ئىبارەت بولغان چاغدىلا، كۆرەش ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ. كوپ سانلىقلار تەشـ-كىلاتىنىڭ ئەۋزەللىگى ئىسپاتلىندىكى، ئۇ ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغان ئاز سانلىقلار تەشكىلاتىنى يوقىتالايدۇ.» (548 ـ بەت)

پانــنېكوك ئۆز پىكرىــنى ئىــپادىلىــگەندە، سوز ئىشلــتىش جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ كەمچىلىككە يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىمەكچى بولــغىنى يەنــلا ناھايــتى ئېنــىق. ئەمــدى كائۇتىسكــىنىڭ بۇنداق پىكىرگە **قانداق** رەددىيە بەرگەنــلىكــگە قارايدىغان بولساق، ئۇ تولىمۇ قىزىق.

كائۇتــسكى مۇنــداق دەپ يازــدۇ: «سوتسىيال دېموكـراتــلار بىلەن ھوكۇمەتسىزلەر ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە بولغان قارىمۇ ـ قارشىلىق شۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدىكى، ئالدىنـقىلار دولەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى، كېيىنــكىلەر دولەت ھاكىمىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىماقچى. پانىنېكوك بولسا ھەر ئىككىسىنى قىلماقچى.» (724 ـ بەت)

ئەگەر، پانــنېكوك سوزــدە ئېنىق ۋە كونــكرېت بولماسلىقتەك نۇقسانــلارغا يول قويغان، دىيىلــسە (ئۇنىڭ ماقالــســىنىڭ باشــقا كەمچىلىگى بۇ تىما بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، بۇ يەردە ھازىرچە توختالمايــمىز)، ئۇ ھالدا، كائۇتــسكى دەل پانــنېكوك كورستىپ ئوتكەن **پىرىنسىپلىق ئەھمىيەتكە ئىگە** ماھىيەتــنى تۇتۇۋالــغان، لېكىن مۇشۇ **تۇپ پىرىنسىپلىق** مەسىلىدە، ئۇ ماركسىزىم مەيدانىدىن پۇتۇنلەي چەتلەپ، تامامەن جىخۇيجۇيى تەرەپكە دومىلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ سوتسىيال دېموكــراتــلار بىلەن ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ پەرقى توغرىسىدىكى ھوكمى پۇتۇنــلەي توغــرا ئەمەس، ئۇ ماركسىزىمنى تامامەن بۇرمىلىغان ۋە چاكىنىلاشتۇرغان.

ماركسىزىمچــلار بىلەن ھوكۇمەتــسىزلەر ئوتــتۇرىسىدىكى پەرق

مۇنۇ يەردە: (1) ماركسىزىمچىلارنىڭ مەقسىدى دۆلەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىش، لېكىن ئۇلار، پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ سىنىپلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ هالاك بولۇشىغا سەۋەپ بولىدىغان سوتسىيالىزىم ئورنىتىلغاندىن كېيىنلا، بۇ مەقسەت ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ هوكۇمەتسىزلەر بولسا دۆلەتنى بىر كۈن ئىچىدىلا پۈتۈنلەي يوقىتىشنى ئۈمىت قىلىدۇ، ئۇلار بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەرتلىرىنى بىلمەيدۇ. (2) ماركسىزىمچىلار، پۇرولېتارىيات هاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، كونا دۆلەت ماشىنىسىنى ئۈزۈل-كېسىل بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى، قوراللىق ئىشچىلار تەشكىلاتىدىن تەركىپ تاپقان گۇڭشې شەكلىدىكى دۆلەت ماشىنىسىنى قويۇش لازىم، دەپ هېساپلايدۇ؛ هوكۇمەتسىزلەر دۆلەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، لېكىن، ئۇلار پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا **نېمىنى** قويۇشى ۋە ئىنقىلاۋىي هاكىمىيەتتىن **قانداق** پايدىلىنىشى كېرەكلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ؛ هوكۇمەتسىزلەر هەتتا ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىياتنىڭ دۆلەت هاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىشىنى ئىنكار قىلىدۇ، پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. (3) ماركسىزىمچىلار هازىرقى زامان دۆلىتى ئارقىلىق پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپ قىلىشقا تەييارلىنىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ هوكۇمەتسىزلەر بولسا بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

بۇ مۇنازىرىدە كائۇتسكىغا قارشى تۇرۇپ ماركسىزىمغا ۋەكىللىك قىلغۇچى دەل پاننېكوك، چۈنكى ماركس بىزگە دەل مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەنكى، پۇرولېتارىيات دۆلەت هاكىمىيىتىنى ئاددى هالدا تارتىۋالالمايدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،

كونا دۆلەت ئورگىنىنى يېڭى كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، بەلكى بۇ ئورگاننى پاچاقلاپ تاشلاش، ۋەيران قىلىش، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئورگاننى قويۇش كېرەك.

كائۇتسكى ماركسىزمدىن چەتلەپ جىخۇيجۇيىچىلار تەرەپكە دومىلاپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭدا دەل جىخۇيجۇيىچىلار مۇتلەق قوبۇل قىلالمايدىغان دۆلەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ئىدىيىسى ئەسلا يوق، ئۇ «تارتىۋېلىش»نى پەقەت ئاددىي ھالدا كۆپچىلىككە ئىگە بولۇش دەپلا چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جىخۇيجۇيىچىلارغا يوچۇق قالدۇرىدۇ.

كائۇتسكى ئۆزىنىڭ ماركسىزمنى بۇرمىلىغانلىقىنى يېپىش ئۈچۈن، قارىيىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماركسنىڭ ئۆز سۆزىنى «نەقىل» كەلتۈرىدۇ. ماركس 1850 - يىلى «زورلۇقنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قولىغا قەتئىي مەركەزلەشتۈرۈش» كېرەك، دېگەن ئىدى. كائۇتسكى كۆرەڭلىگەن ھالدا: پاننېكوك «مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى» بۇزۇپ تاشلىماقچى ئەمەسمىدى؟ دەيدۇ.

بۇ دەل بېرنشتېيننىڭ، ماركسىزممۇ، پرۇدونىزممۇ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا لىيەنباڭ تۈزۈمىنى قويۇشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دېگىنىگە ئوخشاش نەيرەڭۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كائۇتسكى كەلتۈرگەن «نەقىل» ئۇنىڭ ئۆز سۆزىگە توغرا كەلمەيدۇ. مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى، مەيلى كونا دۆلەت ماشىنىسى شارائىتىدا بولسۇن، ياكى يېڭى دۆلەت ماشىنىسى شارائىتىدا بولسۇن، ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىشچىلار ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىنى ئىختىيارىي بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى—

مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى، لېكىن ئۇ دائىمى ئارمىيە، ساقچى ۋە گۇەنلىياۋدىن ئىبارەت مۇشۇنداق مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئورگىنىنى «پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاش»نى ئاساس قىلىشى كېرەك. كائۇتسكى ئۇچىغا چىققان ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ گۇڭشې توغرىسىدىكى ھەممىگە ئايان سۆزلىرىدىن ئۈزۈنىنى قاچۇرۇپ، سۆزى ماۋزۇسىغا يېقىن كەلمەيدىغان نەقىللەرنى كۆتىرىپ چىقىدۇ.

كائۇتسكى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:......«پاننېكوك، ئېھتىمال، ئەمەلدارلارنىڭ دۆلەت جىزنېگنى يوقىتىشىنى ئويلايدىغاندۇ؟ لېكىن، دۆلەتنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزدىمۇ ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىمىزدىمۇ ئەمەلدارلار بولمىسا زادىلا بولمايدۇ. بىزنىڭ گاڭلىگىمىز دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىشنى ئەمەس، بەلكى ئەمەلدارلارنى خەلقنىڭ سايلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ»......«ھازىر بىز "كەلگۈسى دۆلەت"نىڭ مەمۇرى ئورگانلىرىنىڭ قانداق شەكىلنى قوللىنىشى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىز دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن (تەكىتلەش بەلگىسىنى كائۇتسكى قويغان) بىزنىڭ سىياسى كۈرىشىمىز دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىۋېتىشى (auflöst — سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى پارچىلىۋېتىشى) كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز. قايسىبىر بۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىشقا بولىدۇ؟» ئۇ مائارىپ بۇسى، ئەدلىيە بۇسى، مالىيە بۇسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە بۇسىنى مىسالغا ئالىدۇ. «ياق، ھازىرقى نېيگې ئىچىدە بىزنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى سىياسى كۈرىشىمىز ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بىرەرمۇ بۇ يوق...... ئۇقۇشۇلماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتىمەن: ھازىر گەپ غەلىبە قازانغان سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ "كەلگۈسى دۆلەت"كە قانداق شەكىل بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى قارشى پارتىيە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھازىرقى دۆلەتنى قانداق

ئۆزگەرتىشىمىز كېرەكلىكى ئۈستىدە بارىدۇ.» (725 ـ بەت)

روشەنكى، بۇ ـــ قەستەن بۇرمىلاش. پانېكوكنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى ـــ دەل **ئىنقىلاپ** مەسىلىسى. بۇنى ئۇنىڭ ھېلىقى ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىدىنمۇ ياكى يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ھېلىقى بىر ئابزاس سۆزىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كائۇتسكىنىڭ «قارشى پارتىيە» مەسىلىسىگە ئاتلاپ كېتىشى ئۇنىڭ دەل ئىنقىلاپ نۇقتىنەزىرىنىڭ ئورنىغا جىخۇيجۇيلىق نۇقتىنەزەرنى قويغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ: ھازىر بىز قارشى پارتىيەمىز، ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن **كېيىن**، ئاندىن مەخسۇس سۆزلىشەرمىز، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇ يەردە **ئىنقىلاپتىن ئەسەر يوق!** جىخۇيجۇيچىلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسە دەل ئەنە شۇ.

بۇ يەردە گەپ قارشى پارتىيە ئۈستىدە ئەمەس، ئومۇمەن سىياسى كۈرەش ئۈستىدىمۇ ئەمەس، بەلكى دەل **ئىنقىلاپ** ئۈستىدە بارىدۇ. ئىنقىلاپ پرولېتارىياتنىڭ «مەمۇرى ئورگان»نى ۋە **پۈتكۈل** دولەت ئورگىنىنى **بۇزۇپ تاشلاپ**، ئۇنىڭ ئورنىغا قوراللىق ئىشچىلاردىن تەركىپ تاپقان يېڭى ئورگاننى قويۇشىدىن ئىبارەت. كائۇتسكى ئۆزىنىڭ «نېيگې»غا بولغان «چوقۇنۇشى»نى ئاشكارىلاپ قويدى، خوش، نىمە ئۈچۈن ـــ مەسىلەن ئېيتايلى ـــ «نېيگې»نىڭ ئورنىغا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىشچى ـ ئەسكەر ۋەكىللىرى سوۋېتى تەسىس قىلغان ھەر خىل مۇتەخەسسىسلەر ۋېيىۈەنخۇيىنى قويغىلى بولمايدۇ؟

مەسىلىنىڭ ماھىيىتى پۈتۈنلەي «نېيگې»نى ساقلاپ قېلىش ـ قالماسلىقتا، «مۇتەخەسسىسلەر ۋېيىۈەنخۇيى»نى ياكى باشقا بىرەر ئورگاننى تەسىس قىلىش ـ قىلماسلىقتا ئەمەس، بۇ زادىلا موھىم

ئەمەس. مەسلىنىڭ ماھىيىتى كونا دولەت ماشىنىسى (ئۇ بۇرژۇ-ئازىيىگە مىڭبىر يىپ بىلەن باغلانغان ھەمدە ئۇنىڭغا كونىلىقتا يېپىشۋېلىشتەك يامان ئادەتلەر سىڭگەن) نى ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ، ياكى ئۇنى **بۇزۇپ تاشلاش** ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىغا **يېڭىنى** قويۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە. ئىنقىلاپ يېڭى سىنىپنىڭ **كونا** دولەت ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ قوماندانلىق قىلىشى، باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت بولماسلىقى، بەلكى يېڭى سىنىپنىڭ بۇ ماشىنىنى **پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى** ماشىنىدىن پايدىلىنىپ قوماندانلىق قىلىشى، باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت بولۇشى **لازىم**— مانا بۇ، كائۇتسكى يوققا چىقارغان ياكى ئۇ تامامەن چۈشەنمىگەن **ماركسىزملىق تۈپ** ئىدىيە.

كائۇتسكى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى مەسىلە ئۇنىڭ گۇگۇشېنىڭ ساۋاقلىرىنى ۋە ماركسىنىڭ تەلىماتىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزدىمۇ ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىمىزدىمۇ ئەمەلدارلار بولمىسا زادىلا بولمايدۇ»......

**كاپىتالىزم شارائىتىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقى** شارائىتىدا بىزگە ئەمەلدارلار بولمىسا زادىلا بولمايدۇ. پرولېتا-رىيات كاپىتالىزمنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايدۇ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسى كاپىتالىزمنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا، ياللانما قۇللۇق تۈزۈم سەۋەبىدىن ۋە ئامما نامرات بولۇشتەك پۈتكۈل موھىت سەۋەبىدىن، دېموكراتىيە تارايتىۋېتىلگەن، بوغۇلغان ھەمدە پۈچەكلەشتۈرۈلۈپ ئىنتايىن تولۇق بولمىغان نەرسە قىلىۋېتىلگەن. مۇشۇ سەۋەپتىن، پەقەت مۇشۇ سەۋەپتىنلا سىياسى تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىمىزدىكى

مەسئۇل كىشىلەر كاپىتالىستىك موھىت تەرىپىدىن چىرىتىلىدى (ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، چىرىتىلىشكە يۈزلەندى)، گۇەنلىياۋلارغا ئايلىنىشقا يەنى ئاممىدىن ئايرىلغان، ئاممىنىڭ **شىللىسىگە** چىقىۋالىدىغان ئىمتىيازلىقلارغا ئايلىنىشقا يۈزلەندى.

مانا بۇ گۇەنلىياۋلىق تۈزۈمنىڭ **ماھىيىتى**، كاپىتالىستلار مەھرۇم قىلىنىشتىن، بۇرژۇئازىيە ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشتىن ئاۋال، **ھەتتا** پۇرولېتارىياتنىڭ مەسئۇل كىشىلىرىنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە «گۇەنلىياۋلىشىپ» كېتىشى تۇرغان گەپ.

كائۇتسكىنىڭ قارىشىچە، سايلاپ چىقىلغان ھۆكۈمەت خادىملىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمەلدارلارمۇ، گۇەنلىياۋلارمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن ـ دە! دەل مانا مۇشۇ نۇقتا توغرا ئەمەس. ماركس دەل گۇڭشېنى مىسالغا ئېلىپ كۆرسەتتۇكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ھۆكۈمەت خادىملىرى «گۇەنلىياۋ» ياكى «ئەمەلدار» بولمايدۇ، بۇنداق بولماسلىقىنىڭ **سەۋەبى** شۇكى، ئۇنىڭدا سايلام تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن تاشقىرى، **يەنە** خالىغان چاغدا ئالماشتۇرۇلىدۇ، **يەنە** مۇئاش ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈلىدۇ **ھەمدە يەنە** يىغۇي شەكلىدىكى ئورگاننىڭ ئورنىغا «قانۇن چىقىرىشنىمۇ ۋە مەمۇرى ئىشنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى» قويۇلىدۇ.

ماھىيەتتە، كائۇتسكىنىڭ پانېكوكقا رەددىيە بەرگەندە قويغان بارلىق دەلىللىرى بولۇپمۇ كائۇتسكىنىڭ، بىزنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىمىزدىمۇ ياكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزدىمۇ ئەمەلدارلار بولمىسا زادىلا بولمايدۇ، دېگەن ھېلىقى ئاجايىپ

بانلىرى بېرنشتېيننىڭ ئوتمۇشتە ماركسىزمغا قارشى تۇرۇشتا قويغان «بانلىرى»نىڭ دەل ئۆزى. بېرنشتېين ئۆزىنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ئالدىنقى شەرتى» دېگەن ھېلىقى خائىنلىق ئەسىرىدە «ئىپتىدائى» دېموكراتىيە ئىدىيىسىگە كەسكىن قارشى تۇرىدۇ، ئۆزى «ئەقىدىچىلىك دېموكراتىيە تۈزۈمى» دەپ ئاتىۋالغان نەرسىگە يەنى چەكلىك ھوقۇق ۋاكالەتنامىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا، ھوكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئالماسلىقىغا، جۇڭياڭ ۋەكىللىك ئورگىنىنىڭ ئاجىز ـ قابىلىيەتسىزلىكىگە قارشى تۇرىدۇ ۋاھاكازا. بېرنشتېين بۇ «ئىپتىدائى» دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ يارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەر ـ خوتۇن ۋېببلار چۈشەندۈرۈپ ئوتكەن ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەجرىبىسىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىشچىلار بىرلەشمىسى ئۆزىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان «تولۇق ئەركىنلىك» (نېمىسچە نەشرى، 137 ـ بەت) شارائىتى ئاستىدا راۋاجلانغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىپتىدائى دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ يارىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا ھەقىقى ئىشەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكى دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يەنى گۇەنلياۋلىق تۈزۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن يىغىۋى تۈزۈمنى قويغانىمىش.

ئەمەلىيەتتە، ئىشچىلار بىرلەشمىسى «تولۇق ئەركىنلىك» شارائىتى ئاستىدا راۋاجلانغان ئەمەس، **بەلكى پۈتۈنلەي كاپىتالىستىك قۇللۇق تۈزۈم ئاستىدا** راۋاجلانغان، تەبىئىكى، بۇنداق تۈزۈمدە، ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قەبىھ ھادىسىلەرگە، رەھىمسىزلىككە، ئادىلسىزلىققا ۋە نامراتلارنى «ئالى» مەمۇرى ئورگانلاردىن چەتكە قاقىدىغان ھادىسىلەرگە تۈرلۈك دەرىجىدە

يول قويماي «بولمايتتى». سوتسيالىزىم شارائىتىدا، «ئىپتىدائى» دېموكراتىيىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرى سوزسىز تىرىلىدۇ، چۈنكى خەلق **ئاممىسى** مەدەنى جەمىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، **ئوزى** ئاۋاز بېرىش ۋە سايلامغا قاتنىشىش بىلەنلا قالماستىن، **بەلكى ئوزى كۈندىلىك باشقۇرۇشقىمۇ** قاتنىشىدۇ. سوتسيالىزىم شارائىتىدا، **بارلىق كىشىلەر** باشقۇرۇشقا نوۋەت بىلەن قاتنىشىدۇ، شۇڭا ھېچقانداق كىشىنىڭ باشقۇرۇشنى كېرەك قىلماسلىقا ناھايىتى تېز ئادەتلىنىدۇ.

ماركس ئوزىنىڭ تالانتلىق بولغان پىپەنلىك تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق گۈڭشې قوللانغان ئەمەلىي چارىلەردىن بىر **بۇرۇلۇشنى** كوردى، جىخۇيجۇيىچىلار قورقۇنچاق بولغاچقا، بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قەتئى ئۈزۈشنى خالىمىغاچقا، بۇ بۇرۇلۇشتىن قورقتى، بۇ بۇرۇلۇشنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى، ھوكۇمەتسىزلەر بولسا ئالدىراقسان بولغانلىغى ياكى كەڭ كولەملىك ئىجتىمائى ئوزگىرىشلەرنىڭ شارائىتىنى ئومۇمەن چۈشەنمىگەنلىگى ئۈچۈن، بۇ بۇرۇلۇشنى كورۇشنى خالىمىدى. «كونا دولەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئويلاشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، بىزگە نېيگې ۋە ئەمەلدارلار بولمىسا بولمايدۇيەي!» — جىخۇيجۇيىچىلار مانا مۇشۇنداق دېيىشكەن، ئۇلارنىڭ تۇرغانپۇتكىنى چاكىنىلىق، ئۇلار، ئەمەلىيەتتە، ئىنقىلاپقا ۋە ئىنقىلاپنىڭ ئىجادىي كۈچىگە ئىشەنمەيلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاپتىن ئولگۈدەك قورقىدۇ (خۇددى مەملىكىتىمىزدىكى مىنشېۋىكلار ۋە سوتسيال ئىنقىلاپچىلار ئىنقىلاپتىن قورققاندەك).

«**پەقەت** كونا دولەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنىلا ئويلاش

كېرەك، ئىلگىرىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابلىرىنىڭ **كونكرېت** ساۋاقلىرىنى تەتقىق قىلىش ھاجەتسىز، بۇزۇپ تاشلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئورنىغا **نېمىنى** قويۇش ۋە **قانداق** قويۇش كېرەكلىكىنى تەھلىل قىلىش ھاجەتسىز.» — ھوكۇمەتسىزلەر (ئەلۋەتتە، بۇ يەردە كروپوتكىن ئېقىمىدىكى ئەپەندىلەرگە ئەگىشىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇغى بولۇپ كەتكەن ھوكۇمەتسىزلەر كۆزدە تۇتۇلماي، بەلكى ھوكۇمەتسىزلەر ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئۇنسۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) مانا مۇشۇنداق دېيىشكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىي شەرتلىرىگە ئاساسلانغان ئىنقىلاۋىيلىق بىلەن ئورۇنلاش سېلىۋىسىنى قوللانماستىن، بەلكى **جان تىكىش** سېلىۋىسىنى قوللىنىدۇ.

ماركس بىزگە، بۇ ئىككى خىل خاتالىقتىن ساقلىنىش لازىم، دەپ تەلىم بېرىدۇ، بىزگە، تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن پۈتۈن كونا دۆلەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم، دەپ تەلىم بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىزگە، مەسىلىلەرنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم، كۆۋشېنىڭ بىرقانچە ھەپتە ئىچىدىلا **يېڭى**، پرولېتارىياتنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى ئورنىتىشقا **كىرىشەلىگەنلىكىنى**، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۆرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ دېموكراتىيىنى كېڭەيتكەنلىكىنى ۋە گۆەنلياۋلىق تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتقانلىقىنى كۆرۈش لازىم، دەپ تەلىم بېرىدۇ. بىز كۆۋشې ئەزالىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي چارىلىرىنىڭ يەنى ئەمەلىي جىددى ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولغان تەدبىرلىرىنىڭ

**ئومۇمى دائىرىسىنى** كورۇشىمىز كېرەك، ئەگەر **مۇشۇنداق يولنى بويلاپ ئىلگىرىلىسەك،** گۇەنلياۋلىق تۈزۈمنى ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇپ تاشلىيالايمىز.

گۇەنلياۋلىق تۈزۈمنى ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇپ تاشلاشنىڭ ئىمكانىيىتى كاپالەتكە ئىگە، چۈنكى، سوتسىيالىزم ئەمگەك كۈنىنى قىسقارتىدۇ، **ئاممىنى** سەپەرۋەر قىلىپ يېڭى تۇرمۇش يارىتىدۇ، **زور كوپچىلىك** ئاھالىنىڭ **ھەممىسىنى** مۇستەسناسىز ھالدا «دۆلەت جېژنېگى»نى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بۇمۇ ھەرقانداق دۆلەتنى **پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشقا** ئېلىپ بارىدۇ.

كائۇتسكى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ......«ئاممىۋى ئىش تاشلاشنىڭ ۋەزىپىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاش بولمايدۇ، بەلكى پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم مەسىلىدە يول قويۇشىغا ياكى پرولېتارىياتقا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا پرولېتارىياتنىڭ رايىغا باقىدىغان (entgegenkommende) ھۆكۈمەتنى قويۇشقا تۈرتكە بولىدۇ......لېكىن ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا بۇ» (يەنى پرولېتارىياتنىڭ دۈشمەن ھۆكۈمەت ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى) «دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئېلىپ كەلمەي، بەلكى پەقەت دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ مەلۇم ئۆزگىرىشىنى (Verschiebung) كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...... شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ سىياسىي كۈرىشىمىزنىڭ مەقسىدى، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، يەنىلا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يىخۇيدا كوپ ئاۋازغا ئىگە بولۇش چارىسى بىلەن تارتىۋېلىش ھەمدە يىخۇيىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان خوجايىنغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.» (726 – ، 727 – ، 732 – بەتلەر)

بۇنىڭ ئۆزى تازا، ئەڭ رەزىل جىخۇيجۇيىلىق، ئېغىزدا ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاپتىن يۈز ئورۇش.

كائۇتسكىنىڭ پىكرى بىرەر «پرولېتارىياتنىڭ رايىغا باقىدىغان ھوكۇمەت»كە ئىگىلا بولۇش، بۇ 1847 ـ يىلى «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»دە جاكالانغان «پرولېتارىياتنى ھوكۇمران سىنىپ قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش» دىگەن ئىدىيە بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، چاكىنىلارنىڭ ئىدىيىسى دەرىجىسىگە چېكىنىپ كەتكەنلىك.

كائۇتسكى جەزمەن شېيدېمان، پىلىخانوپ ۋە ۋاندېرۋېلد ئېقىمدىكىلەر بىلەن ئۆزى ياقتۇرىدىغان «بىرلىك»نى يولغا قويىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى «پرولېتارىياتنىڭ رايىغا باقىدىغان» بىرەر ھوكۇمەتكە ئېرىشىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بىز سوتسىيالىزىمنىڭ بۇ خائىنلىرىدىن ئالاقىنى قەتئى ئۈزىمىز، پۈتۈن كونا دولەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاش يولىدا كۈرەش قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن قوراللانغان پرولېتارىياتنىڭ ئۆزىنى **ھوكۇمەت بولىدىغان** قىلىمىز. بۇ ـــ «ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى چوڭ پەرق».

كائۇتسكى جەزمەن لېگىن ۋە داۋىد ئېقىمدىكىلەرنىڭ، پىلىخانوپ، پوترېسوپ، سېرېتېلى ۋە چېرنوپ ئېقىمدىكىلەرنىڭ يېقىن شېرىگى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار «دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئوزگىرىشى»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، «يىغىۋىدا كوپ ئاۋازغا ئىگە بولۇش»نى قولغا كەلتۈرۈش «ۋە ھوكۇمەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق يىغىۋىنى قولغا كەلتۈرۈش» ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تامامەن قوشۇلۇشىدۇ، ـــ بۇ نەقەدەر ئالى مەقسەت، ئۇنى جىخۇيجۇيىچىلار تامامەن قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت دائىرىسىدىن قىلچىمۇ چىقىپ كېتەلمىگەن.

بىز جىخۇيجۇيىچىلاردىن ئالاقىنى قەتئىي ئۈزىمىز؛ پۈتكۈل ئويغانغان پۇرولېتارىيات «كۆچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى **بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش**، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشخۇي تۈزۈمىنى **بۇزۇپ تاشلاش**، گوڭشې شەكلىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ياكى ئىشچى - ئەسكەر ۋەكىللىرى سوۋېتى جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش، پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن بىز بىلەن بىرلىكتە كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ.

* * *

خەلقارا سوتسىيالىزىم ھەرىكىتىدە، كائۇتسكىدىنمۇ بەك ئوڭچىل گۇرۇھلاردىن گېرمانىيىدە «سوتسىيالىزىم ئايلىق ژورنىلى»[26] گۇرۇھى (لېگىن، داۋىد، كولب ۋە باشقا بىرمۇنچە كىشىلەر جۈملىدىن ئېسكاندىنوۋىيىلىك ستاۋنىڭ ۋە برانتىڭلار) بار، فرانسىيە ۋە بېلگىيىدە جائۇرېسچىلار ۋە ۋاندېرۋېلد بار، ئىتالىيە پارتىيىسىدە تۇراتى، ترېۋېس ۋە باشقا ئوڭ قانات ۋەكىللەر بار، ئەنگلىيىدە فابىيانچى ئۇنسۇرلار ۋە «مۇستەقىلچىلار»[27] (يەنى «مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى»، ئەمەلىيەتتە، ئۇ باشتىن - ئاخىر ھۆرىيەتچىلەرگە بېقىندا بولۇپ كەلگەن) ۋە باشقىلار بار. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشخۇي خىزمىتىدە بولسۇن، ياكى پارتىيە- نىڭ جېڭلۇن جەھەتلىرىدە بولسۇن، ناھايىتى چوڭ بەلكى كوپ چاغلاردا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن، ئۇلار پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئۇچۇقتىن - ئوچۇق ئىنكار قىلىپ، قىپ - يالىڭاچ جىخۇيجۇيىنى يولغا قويغان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ قارىشىچە، پۇرولېتارىيات «دىكتاتۇرىسى» دېموكراتىيە بىلەن «زىت»مىش!!

ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بۇرژۇئا دېموكراتلىرىدىن زادى چوڭ پەرقى يوق.

بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ مۇتلەق كوپچىلىك رەسمى ۋەكىللىرى تامامەن جىخۇيجۇيى تەرەپكە دومىلاپ كەتتى. گوڭشېنىڭ تەجرىبىلىرى ئۇنتۇلۇپلا قېلىنماي، بەلكى بۇرمىلاندى. ئۇلار ئىشچىلار ئاممىسىغا ئىشچىلارنىڭ قوزغىلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، كونا دولەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى دولەت ماشىنىسىنى قويۇش، شۇنىڭ بىلەن ئۇزلىرىنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىقىنى جەمىيەتنى سوتسىيالىستىك ئوزگەرتىش ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بەرمىدى. ئۇلار ئىشچىلار ئاممىسىغا مۇشۇنداق تەربىيە بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئىشچىلار ئاممىسىغا بۇنىڭ تەتۈرسىچە نەرسىلەرنى ئۇگەتتى، ئۇلارنىڭ «ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش»قا بولغان چۈشەنچىسى بولسا جىخۇيجۇيىغا ھېساپسىز يوچۇق قالدۇردى.

ھازىر، دولەت جۇملىدىن جاھانگىرلىك مۇسابىقىسى سەۋەبىدىن كۈچەيتىلگەن ئۇنىڭ ھەربى ئورگانلىرى، دۇنياغا زادى ئەنگلىيە ھوكۇمرانلىق قىلامدۇ، ياكى گېرمانىيە ھوكۇمرانلىق قىلامدۇ، بۇ پۇل مۇئامىلە كاپىتالى ھوكۇمرانلىق قىلامدۇ، ياكى ئۇ پۇل مۇئامىلە كاپىتالى ھوكۇمرانلىق قىلامدۇ، دىگەن تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇچۇن مىليونلىغان خەلقنى قىرىدىغان ھەربى مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدى، مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ دولەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسىنى بۇرمىلاش ۋە

بۇ ھەقــتە ئېغىز ئاچــماسلىق ئىنــتايىن زور تەسىر پەيدا قىلــماي قالمايدۇ.[1]

① قولىيازمىدا توۋەندىكى بىر ئابزاسمۇ بار:

«يەتتىنچى باپ

1905 ـ يىل ۋە 1917 ـ يىل روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرى

بۇ باپنىڭ ماۋزۇسى ئىنتايىن چوڭ، ئۇنى بىرنەچچە توم قىلىپ يېزىپ بايان قىلىشــقا بولاتــتى ۋە شۇنــداق قىلىش كېرەك ئىدى. تەبىــئكى، بۇ كىتاپچىدا پەقەت پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقــلاپ داۋامىدا دولەت ھاكىمىيىتىگە نىسـبەتەن ۋەزىپىسـگە بىۋاســتە مۇناســۋەتــلىك بولغان ئەڭ ئاساســي تەجــرىبە ـ ساۋاقــلار ئۇســتىدىلا توخــتىلىش مۇمــكىن بولدى.» (قولىيازما مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغان). — تۈزگۈچىدىن

# بىرىنچى نەشرىگە ئاخىرقى سوز

بۇ كىتاپچە 1917 - يىل 8 — 9 - ئايلاردا يېزىلغان ئىدى. مەن شۇ چاغدا كېيىنكى بىر باپنىڭ يەنى يەتتىنچى باپ «1905 - يىل ۋە 1917 - يىل روسسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرى»نىڭ داگاڭنى تۈزۈپ قويغان ئىدىم. لېكىن، ماۋزۇسىدىن باشقا بىر قۇرىنىمۇ يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، چۈنكى، 1917 - يىل ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى-نىڭ ھارپىسىدىكى سىياسى ۋېيىجى ماڭا «توسقۇنلۇق» قىلدى. بۇنداق «توسقۇنلۇق»قا پەقەت خوشال بولۇش كېرەك. لېكىن بۇ كىتاپنىڭ ئىككىنچى قىسمى («1905 - يىل ۋە 1917 - يىل روسسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرى» توغرىسىدا) نى يېزىپ چىقىشقا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتەر، چۈنكى «ئىنقىلاپ تەجرىبىسى»نى يارىتىش ھامان «ئىنقىلاپ تەجرىبىسى»نى بايان قىلىشقا قارىغاندا، تېخىمۇ كوڭۈللۈك، تېخىمۇ پايدىلىق.

**ئاپتور**

1917 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، پېترگراد

1917 - يىل 8 — 9 - ئايلاردا يېزىلغان

1918 - يىلى «تۇرمۇش ۋە بىلىم» نەشرىياتى كىتاپچە قىلىپ نەشر قىلغان

1919 - يىلى «كوممۇنىست» نەشرىياتى نەشر قىلغان كىتاپچىنىڭ ئەسلىسى بويىچە بېسىلدى ھەمدە قولىيازمىغا ۋە 1918 - يىلدىكى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇلدى

# ئىزاھلار

1 «دولەت ۋە ئىنقىلاپ» دىگەن كىتاپنى لېنىن 1917-يىل 8—9-ئايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندە يازغان. لېنىن 1916-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا، دولەت مەسىلىسىنى نەزىرىيە جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىش زورۇر، دەپ قارىغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ «ياشلار ئىنتېرناتسونالى» دىگەن بىر قىسقا پىكىرلۇن («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 23-توم، 163—167-بەتلەرگە قاراڭ) يازغان، ئۇ بۇ قىسقا پىكىرلۇندا بۇخارىننىڭ دولەت مەسىلىسىدىكى ماركسىزىمغا قارشى مەيدانىنى تەنقىت قىلغان ھەمدە ماركسىزىمنىڭ دولەت مەسىلىسىدىكى نۇقتىنەزىرىنى تەپسىلى بايان قىلىش ئۇچۇن بىر ماقالا يازماقچى بولغان. لېنىن 1917-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۇنى (يېڭى يىل ھېساۋىدا) ئا. م. كوللونتايغا يازغان خېتىدە ماركسىزىمنىڭ دولەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئاساسەن تەييارلاپ قويغانلىغىنى ئېيتقان. بۇ ماتېرىياللار «ماركسىزىم دولەت توغرىسىدا» دەپ تىما قويۇلغان كوك تاشلىق خاتىرە دەپتەرگە ناھايىتى ئۇششاق يېزىلغان. خاتىرە دەپتەردىكى ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلىسنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇزۇپ ئېلىنغان، بەزىلىرى كائۇتسكى، پاننېكوك ۋە بېرنشتېيىننىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇزۇپ ئېلىنغان ھەمدە لېنىننىڭ باھاسى، خۇلاسىسى ۋە ئومۇمى يەكۇنى يېزىلغان.

«دولەت ۋە ئىنقىلاپ» دىگەن كىتاپ ئەسلى پىلان بويىچە 7 باپ بولۇپ، ئاخىرقى بىر باپ يەنى يەتتىنچى باپ «1905-يىل ۋە 1917-يىل روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرى»نى لېنىن تېخى يازمىغان، بۇ باپنىڭ تەپسىلى تىزىسلا («لېنىن ئەسەرلىرى توپلىمى» 1933-يىل، رۇسچە نەشرى، 21-توم، 25—26-بەتلەرگە قاراڭ) ساقلاپ قېلىنغان.

بۇ كىتاپنى نەشر قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە لېنىن نەشر قىلغۇچىغا يازغان خېتىدە، ئەگەر مەن «يەتتىنچى باپنى يېزىشقا ھەقىقەتەن ئۈلگۈرەلمىسەم، ياكى بۇ كىتاپ بەك قېلىن بولۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئالدىنقى 6 باپ ئايرىم نەشر قىلىنىپ، بىرىنچى قىسىم قىلىنسا بولىدۇ،......» دەپ يازغان.

قولىيازمىنىڭ بىرىنچى بېتىدە، ئاپتور «ۋ. ۋ. ئىۋانوۋسكى» دىگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. لېنىن مۇشۇ تەخەللۇس قوللىنىلسا، بۇ كىتاپنى نەشر قىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن مولچەرلىگەن. لېكىن بۇ كىتاپ 1918 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن نەشردىن چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن تەخەللۇس ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىغان. ئىككىنچى نەشرى 1919 ـ يىلى نەشردىن چىققان، لېنىن ئىككىنچى باپقا «1852 ـ يىلى مەسىلىنىڭ ماركس تەرىپىدىن قويۇلۇشى» دىگەن بىر بولۇمنى قوشقان. — 1 ـ بەت.

2 فابىانچى ئۇنسۇرلار ئەنگلىيىدىكى بىر تۈركۈم بۇرژۇئا زىيالىلىرى 1884 ـ يىلى قۇرغان گەيلىياگجۇيىلىق ۋە ئۇچىغا چىققان جىڭخۇيجۇيىلىق «فابىان جەمىيىتى»نىڭ ئەزالىرى. بۇ جەمىيەتكە رىم تۇگشۇەيى فابىان كۇنكتاتور («ئاستا ئىلگىرىلىگۈچى»)نىڭ نامى بېرىلگەن. فابىان ئاستا ئىلگىرىلەپ پەيت كۈتۈش، ھەل قىلغۇچ جەڭدىن باش تارتىش بىلەن نام چىقارغان. لېنىننىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، فابىان جەمىيىتى «جىڭخۇيجۇيىلىق ۋە زىيوجۇيىلىق ئىشچىلار سىياسىتىنى ئەڭ مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرگەن». فابىانچى ئۇنسۇرلار پرولېتارىياتنى ئېزىلغۇرۇپ سىنىپي كۇرەشتىن چەتلەشتۈرىدۇ، كاپىتالىزىمدىن سوتسىيالىزىمغا گەيلىياگجۇيىلىق ئۇسۇل بىلەن تېچ، تەدرىجى ئوتۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1914 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە) فابىانچى ئۇنسۇرلار سوتسىيال شوۋىنىزىم مەيدانىدا تۇردى. فابىانچى ئۇنسۇرلارغا ئائىت بايانلار توغرىسىدا لېنىننىڭ

تۇۋەندىكى ئەسەرلىرىگە قارالسۇن: «"ج. ف. بېككېر، ج. دېتسگېن، ف. ئېنگېلس، ك. ماركس ۋە باشقىلارنىڭ ف. ئا. زورگې ۋە باشقىلارغا يازغان خەتلىرى"نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە سۆز بېشى» («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12-توم، 354 — 355-بەتلەر)، «سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ روسسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر گاڭلىڭى» («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 15-توم، 151-بەت)، «ئەنگلىيىنىڭ خېپىڭجۇيىسى ۋە ئەنگلىيىنىڭ نەزىرىيىنى ياقتۇرماسلىقى» («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21-توم، 237 — 238-بەتلەر) ۋە باشقىلار. — 4-بەت.

3 ئېنگېلس. «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»غا قارالسۇن («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21-توم، 194-بەت).

بۇ كىتاپنىڭ 13-، 17 — 25-بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ ئېنگېلسنىڭ ئەشۇ ئەسىرىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 194 — 198-بەتلەر). — 10-بەت.

4 ئېنگېلس. «ديۈرىڭغا قارشى»غا قارالسۇن (بۇ كىتاپنىڭ 1970-يىلدىكى 32 كەيىبىنلىق خەنزۇچە نەشرىنىڭ 277 — 278-بەتلىرىگە قارالسۇن).

بۇ كىتاپنىڭ 32-بېتىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىلمۇ ئېنگېلسنىڭ ئەشۇ ئەسىرىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 181-بەت). — 27-بەت.

5 ماركس. «پەلسەپە نامراتلىقى»غا قارالسۇن («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 71 — 198-بەتلەر). — 34-بەت.

6 ماركس، ئېنگېلس. «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»گە قارالسۇن («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 461 — 504-بەت). — 34-بەت.

7 ماركس. «گوتا گاڭلىڭغا پىپەن»گە قارالسۇن («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19-توم، 11 — 35-بەتلەر).

**گوتا گاڭلىگى** — 1875 – يىلى ئېيزىناخچىلار بىلەن لاسسالچىلارنىڭ گوتادا ئۆتكۈزۈلگەن قوشۇلۇش قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ گاڭلىگى. بۇ — سىپى ئۆزىدىن جىخۋىجۇيىلىق گاڭلىك، چۈنكى ئېيزىناخچىلار ئەڭ زور مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە لاسسالچىلارغا يول قويۇپ، لاسسالچىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس گوتا گاڭلىگىنى ئەجەللىك پىپەن قىلغان ئىدى. — 35 – بەت.

8 ماركس. «پەلسەپە نامراتلىقى»غا قارالسۇن («ماركس – ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 – توم، 197 – بەت). — 37 – بەت.

9 ماركس، ئېنگېلس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»گە قارالسۇن («ماركس – ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 – توم، 478 – ، 489 – بەتلەرگە قارالسۇن). — 38 – بەت.

10 ماركس. «لۇئىي بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى»گە قارالسۇن («ماركس – ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 – توم، 215 – بەت).

بۇ كىتاپنىڭ 51 – بېتىدە، لېنىن ئېنگېلسنىڭ شۇ كىتاپنىڭ 3 – نەشرىگە يازغان سوز بېشىدىن نەقىل كەلتۈرگەن («ماركس – ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 – توم، 290 — 291 – بەتلەر). — 45 – بەت.

11 «يېڭى دەۋر» («Die Neue Zeit») گېرمانىيە سوتسىيال – دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ژورنىلى، 1883 – يىلدىن 1923 – يىلغىچە شتۇتگارتتا نەشر قىلىنغان. 1885 — 1895 – يىللىرى «يېڭى دەۋر» ئېنگېلسنىڭ بىرنەچچە ماقالىسىنى باسقان. ئېنگېلس بۇ ژورنالنىڭ تەھرىر بولۇمىگە دائىم پىكىر بېرىپ تۇرغان ھەمدە ئۇنى ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈگەنلىگى ئۈچۈن كەسكىن تەنقىت قىلغان. 90 – يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ يەنى ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ژورنال شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى شتۇكلۇق باستى. جاھانگىرلىك

دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1914 — 1918 - يىللار)، بۇ ژورنال كائۇتسكىنىڭ ئوتتۇرا گۇرۇھ مەيدانىدا تۇرۇپ سوتسىيال شوۋىنىزىمچىلارنى قوللىدى. — 54 - بەت.

12 «ماركس - ئېنگېلس خەتلىرىدىن تاللانما»نىڭ خەنزۇچە نەشرى، 63 - بېتىگە قارالسۇن. — 55 - بەت.

13 ماركس، ئېنگېلس. «"گوتچەندىكى ختاپنامىسى"نىڭ 1872 - يىل نېمىسچە نەشرىگە سوز بېشى»غا قارالسۇن («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18 - توم، 105 - بەت). — 60 - بەت.

14 «ماركس - ئېنگېلس خەتلىرىدىن تاللانما»نىڭ خەنزۇچە نەشرى، 287 - بېتىگە قارالسۇن. — 61 - بەت.

15 ماركس. «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»قا قارالسۇن («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17 - توم، 355 — 359 - بەتلەر).

بۇ كىتاپنىڭ 73 - ، 74 - ، 83 — 91 - بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ ماركسنىڭ مۇشۇ ئەسىرىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 361 - ، 358 - ، 360 - ، 359 — 361 - بەتلەر). — 69 - بەت.

16 ئېنگېلس. «ئوي - جاي مەسىلىسى توغرىسىدا»غا قارالسۇن («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18 - توم، 252 - بەت).

بۇ كىتاپنىڭ 95 - ، 97 - بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ ئەسىرىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 315 - ، 297 - بەتلەر). — 95 - بەت.

17 لېنىن ماركسنىڭ «سىياسىغا قىزىقماسلىق» دىگەن ماقالىسىنى ۋە ئېنگېلسنىڭ «نوپۇز توغرىسىدا» دىگەن ماقالىسىنى كوزدە تۇتىدۇ («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18 - توم، 334 — 340 - بەتلەر ۋە 341 — 344 - بەتلەرگە قارالسۇن).

بۇ كىتاپنىڭ 98 - ، 101 — 103 - بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ مۇشۇ ئىككى ماقالىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 335 - ، 343 —

344 ـ بەتلەر) . ـــ 98 ـ بەت.

18 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 7 ـــ 8 ـ بەتلەرگە قارالسۇن . ـــ 107 ـ بەت.

19 ئېرفۇرت گاڭلىكى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1891 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئېرفۇرتتا چاقىرىلغان قۇرۇلتىيىدا ماقۇللىنىپ، 1875 ـ يىلدىكى گوتا گاڭلىكىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان. ئېنگېلس «سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1891 ـ يىل گاڭلىق لايىھىسىگە پىپەن» («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ توم، 263 ـــ 280 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) دىگەن ماقالىسىدا ئېرفۇرت گاڭلىكىنىڭ خاتالىقىنى پىپەن قىلغان.

بۇ كىتاپنىڭ 111 ـــ 121 ـ بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ ماقالىسىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 270 ـــ 277 ـ بەتلەر) . ـــ 110 ـ بەت.

20 ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دىگەن كىتاۋىغا ئېنگېلسنىڭ يازغان مۇقەددىمىسىنى كورسىتىدۇ («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ توم، 216 ـــ 229 ـ بەتلەر) .

بۇ كىتاپنىڭ 123 ـ، 125 ـ، 127 ـــ 132 ـ بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ ئەسىرىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 218 ـ، 223 ـ، 226 ـــ 229 ـ بەتلەر) . ـــ 123 ـ بەت.

21 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ توم، 490 ـ بەتكە قارالسۇن. ـــ 134 ـ بەت.

22 ماركس. «گوتا گاڭلىكىغا پىپەن»گە قارالسۇن («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 30 ـــ 31 ـ بەتلەر) .

بۇ كىتاپنىڭ 142 ـ، 152 ـ، 154 ـــ 158 ـ بەتلىرىدە لېنىن كەلتۈرگەن نەقىللەرمۇ ماركسنىڭ مۇشۇ ماقالىسىدىن ئېلىنغان (شۇ كىتاپ، 21 ـــ 23 ـ، 31 ـ بەتلەر) . ـــ 141 ـ بەت.

23 بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ گائاگا قۇرۇلتىيى 1872 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ

2 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە (يېڭى يىل ھېساۋىدا) ئۆتكۈزۈلگەن. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشقان. قۇرۇلتايغا 65 ۋەكىل قاتناشقان. كۈنتەرتىپكە قويۇلغان مەسىلىلەر: (1) باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا؛ (2) پرولېتارىياتنىڭ سىياسى پائالىيىتى توغرىسىدا ۋە باشقىلار. قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن خىزمىتى باكۇنىنچىلارغا قارشى كەسكىن كۈرەشلەر داۋامىدا ئېلىپ بېرىلغان. قۇرۇلتاي باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغان. قۇرۇلتاينىڭ «پرولېتارىياتنىڭ سىياسى پائالىيىتى» مەسىلىسى توغرىسىدا ماقۇللىغان قارارىدا: پرولېتارىيات ئۆز پارتىيىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەت بېرىشى لازىم، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش، دېيىلگەن. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا باكۇنىن بىلەن گىيوم ئىنتېرناتسىونالدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، چۈنكى ئۇلار بۇزغۇنچىلار ۋە پرولېتارىياتقا قارشى يېڭى پارتىيە ئۇيۇشتۇرغۇچىلار ئىدى. — 173 ـ بەت.

24 «تاڭ نۇرى» ماركسىزىملىق ئىلمىي ـ سىياسى ژورنال؛ «ئۇچقۇن گېزىتى» تەھرىر بولۇمى تەرىپىدىن 1901 — 1902 ـ يىللىرى شتۇتگارتتا نەشر قىلىنغان، جەمى 4 سان (3 نۇسخا) چىقىرىلغان. «تاڭ نۇرى» ژورنىلىدا لېنىننىڭ تۆۋەندىكى ماقالىلىرى بېسىلغان: «ۋەزىيەتكە باھا»، «يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ۋە زىيۇجۇيىچى ھانىبال»، «يەر مەسىلىسى ۋە "ماركسنى تەنقىت قىلغۇچىلار"» دېگەن كىتابنىڭ ئالدىنقى 4 بابى («يەر مەسىلىسىدىكى "تەنقىتچى" ئەپەندىلەر» دېگەن ماۋزۇدا)، «ئىچكى ئىشلار توغرىسىدا پىكىرلەر» ۋە «روسىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ يەر لايىھىسى». — 175 ـ بەت.

25 1900 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 — 27 ـ كۈنلىرى (يېڭى يىل ھېساۋىدا) پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ 5 ـ قېتىملىق خەلقارا

سوتسىيالىستلار قۇرۇلتىيىنى كورسەتتى. قۇرۇلتايغا 791 ۋەكىل قاتناشقان. روسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى 23 كىشىدىن تەركىپ تاپقان. قۇرۇلتاي پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىدىن ئىبارەت توپ مەسىلىدە، كائۇتسكى تەكلىپ قىلغان، لېنىن «جىنخۇيجۇيچىلارغا مۇرەسسەچىلىك پوزىتسىيىسى تۇتۇلدى» دەپ ئاتىغان قارارنى كوپ ئاۋاز بىلەن ماقۇللىغان. باشقا قارارلارنى چىقىرىشتىن تاشقىرى، قۇرۇلتاي يەنە ھەرقايسى مەملىكەتلەر سوتسىيالىستىك پارتىيىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان خەلقارا سوتسىيالىستلار پارتىيىلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنىنى تەسىس قىلىشنى ھەمدە شۇجىچۇسىنىڭ برىيۇسسېلدا بولۇشىنى بەلگىلىگەن. — 175 ـ بەت.

26 «سوتسىيالىزىم ئايلىق ژورنىلى» (Sozialistische Monatshefte) — گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى جىنخۇيجۇيچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئورگان ژورنىلى، خەلقارا جىنخۇيجۇيىنىڭ ئورگان ژورناللىرىدىن بىرى؛ جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1914 — 1918 ـ يىللار)، ئۇ سوتسىيال شوۋىنىزىم مەيدانىدا تۇردى. بۇ ژورنال 1897 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە بېرلىندا چىقىرىلغان. — 200 ـ بەت.

27 ئەنگلىيە مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى (Independent Labour Party) 1893 ـ يىلى قۇرۇلغان. جامېس كېرھاردىي، ر. ماكدونال ۋە باشقىلار بۇ پارتىيىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى، ئەمەلىيەتتە، «پەقەت سوتسىيالىزىمغا نىسبەتەنلا "مۇستەقىل"، لىبېرالىزىمغا بولسا ئىنتايىن بېقىندۇ» (لېنىن). جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1914 — 1918 ـ يىللار) مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى دەسلەپتە ئۇرۇشقا قارشى خىتاپنامە ئېلان قىلغان (1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى [يېڭى يىل ھېساۋىدا]). كېيىن، كېلىشىم تۈزۈشكەن دولەتلەر سوتسىيالىستلىرى ۋەكىللىرىنىڭ 1915 ـ يىل 2 ـ ئاي لوندون يىغىنىدا مۇستەقىلچىلار مۇشۇ يىغىن ماقۇللىغان سوتسىيال ـ شوۋىنىزىملىق قارارغا قوشۇلغان. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مۇستەقىل

پارتىيە باشلىقلىرى خېيىگجۇيىلىق ئىبارىلەرنى نىقاپ قىلىپ، سوتسىيال شوۋىنىزىم مەيدانىدا تۇرغان. 1919 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونال قۇرۇلغاندىن كېيىن، سولچى پارتىيە ئەزالىرى ئامىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ باشلىقلىرى ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالدىن چېكىنىپ چىقىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغان. 1921 ـ يىلى مۇستەقىلچىلار ئاتالمىش ئىككىنچى يېرىم ئىنتېرناتسونالغا قاتناشقان، ئىككىنچى يېرىم ئىنتېرناتسونال پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇلار يېڭىۋاشتىن ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالغا كىرگەن. ـــ 200 ـ بەت.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1971年6月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كتاپ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنن، ستالن ئەسەرلرى تەھرر-تەرجمە ئدارسى تەرېپدن تەرجمە قلنغان، خەلق نەشرياتى تەرېپدن 1971-يل 6-ئايدا نەشر قلنغان خەنزۇچە نۇسخسغا ئاساسەن تەرجمە ۋە نەشر قلندى.

لېنن

دولەت ۋە ئنقلاپ

مللەتلەر نەشرياتى تەرېپدن تەرجمە ۋە
نەشر قلندى
شنخۇا كتاپخانسى تەرېپدن تارقتلدۇ
1972-يل 3-ئايدا 1-قېتم نەشر قلندى
1972-يل 3-ئايدا بېيجڭدا 1-قېتم بېسلدى
0.27 يۈەن

В.И.ЛЕНИН

ГОСУДАРСТВО
И
РЕВОЛЮЦИЯ

列　宁
国　家　与　革　命
（维吾尔文）

民族出版社翻译出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

1972年3月第一版
1972年3月北京第一次印刷
书号M1049(4)169　每册0.27元